2009·5

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



BULAK


# بۇلاق

源泉(布拉克) · BULAK

ISSN 1005-0876


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# تۇيۇق مەزارلىرىدىن











فوتوگراف: **ھۈسەنجان غوپۇر** (گۈچۈڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

30 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 128 ـ سان

ھەرقانداق ئىچ سىرىڭنى دوستۇڭغا
تۆكمە، چۈنكى بىر چاغ كېلىپ ئۇنىڭ
دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشىنى نەدىن
بىلەلەيسەن؟ شۇنىڭدەك، قولۇڭدىن
كەلسە ھەرقانداق ئاچچىق غە-
زەپنى دۈشمەنگە قىلما، چۈنكى ۋا-
قتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دوست
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يوشۇرۇن
ساقلىماقچى بولغان سىرىڭنى ھېچكىمگە
ئاچما، گەرچە بەك سەمىمىي دوستۇڭ
بولسىمۇ، چۈنكى بۇ دوستۇڭنىڭمۇ
سەمىمىي دوستى بولۇشى مۇم-
كىن، گويا زەنجىر سىمان.

شەيخ سەئدى

ھۆسنخەتنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

# بۇلاق

2009 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

فەرھەۋل ـ قۇلۇب ............................ موللا ئەبدۇررەھمان ئىبنى قۇربانبەگ ئەبدىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا»دىن ............................ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي (39)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

كونا ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن ............................ (63)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «دىۋان»غا بىر نەزەر ........................................... ئەلى غوپۇر (68)
ئەبدۇرەھمان جامىي ۋە «باھارىستان» .................................................. شېرىن قۇربان (92)
ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب يازدۇرۇش ۋە كىتاب تەقدىم قىلىش ئەنئەنىسىگە نەزەر ............... ئايگۈل ئابدۇرېھىم (94)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


رىۋايەتلەر ........................... توپلاپ رەتلىگۈچى: توختى ئوبۇلقاسىم (98)
ئاتقا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەردىن ........................... توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مەگلىك (101)
چولپان بىلەن نىزامىتاي (چۆچەك) ........................... توپلاپ رەتلىگۈچى: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (107)


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: تېھراندا نەشر قىلىنغان «غەزەلىياتى سەئدىي» ناملىق كىتابقا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم (رەسسام: ئەلى رىزا ئاقامىرىي)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ


خەتتات: ھەبىبۇللاھ هامۇت زەۋقى



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

مولا ئەبدۇررەھمان ئبنى قۇربانبەگ ئەبدى

# فەھولقولوب*



نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

## ئون بىرىنچى فەسل تالىب زىكرىدە

تالىب «تا»سى تەمەئ نانىغە لەب ئاچماسە، «ئەلىف»ى ئەل ئازارىدىن قاچماسە[143]؛ «لام»ى «لىمكۇللۇ ئىمرىئىن» خىزمەتىغە بەل باغلاسە؛ «بە»سى باقىي مەنزىلىنى فەنا ئەيۋانىدا چاغلاسە.

بەس، تالىب ئولدۇركى، مەتلۇبدىن كۆڭۈل كۆزىنى ئايىرماسە، خىرەد ئىلكىنى ئەمرىدىن ئۆزگەگە قايىرماسە؛ تىلى دىل بىلە زىكرىدە، ھۇشى جان بىلە فىكرىدە. تالىب خەيالى نەفسى بىلە نەزەرى دەرقەدەم، خىلۋەتى ئەنجۇمەن بىلە تەن بىئەلەم. تالىب تائەت نەقدىغە فەراغەت ئەسبابىن ساتار، خەتەر ئەجسادىغە ھىممەت خەدەڭگىنى ئاتار. تالىب ئەغيار ئاللىدە مەست، رىندلەر ئىچرە مەيپەرەست. تالىب خىرەد ئاللىدە مەدھۇش، دەير[144] ئەھلىگە بادەنۇش. بەيت:

تالىبنى ئىئتىقادى بىلە خار بولدى گۇل،
خىزر ئولدى راھبەر ئاڭا سەھرايى ياكى غۇل.
خەس ئىئتىبار ئاللىدە چۇن كوھ، ئەي كۆڭۈل،
سەييىد قاتارىدە كۆرۈنۈر گەرچە بولسە قۇل.

بەس، تالىب دەرەم تاپسە بىيار يېمەس، رەفىقسىز يېگەن نىئمەتنى تەئام دېمەس. تالىب شىكەستبارىدىن سىنار، رىيازەت بىرلە قاچان بىردەم تىنار. تالىب ھەر جىنسدىن نەشئە ئالۇر، بۇلھەۋەسلىك بىلە قاچان يولدىن قالۇر؛ تەكەللۇم بىلە دىل تىيرە، ئىمتىھان بىرلە كۆز خىيرە. تالىب ئولدۇر، زاھىد كۆزى سىيرەت كۆرسە؛ كۆڭۈل ئولدۇر، زەبان بولماي مەئنى سۇرسە؛ سىيرەت بولماي سۇرەت [60A] يۇرسە، تالىب ئەمەس؛ مەئنى ئوقاي[145] مەردان يۇرسە، ئادەم دېمەس.

بەس، تالىب ئىخلاس بىلە بىجاندىن[146] جان تاپار، ئالەم ئەھلىگە رىندلىك بىلە ئاغزىن ياپار. تالىب مەنزۇرىدە ئەل كىردارى ئەفزەل، ئۆز ئەفئالى زەلىل[147]؛ تالىب ئېلىگە نەمرۇد ئېلى كۆرۈنسە مىسلى خەلىل. تالىب مەھبۇبى ئەيبىن ئاچقان، مەئسۇم بىلىنۇر ئىسيان تۇخمىن ساچقان. تالىب مەيخانە ۋە خانەقاھدىن خالىي ئەمەس، بىمەكاندىن ھەر مەكانىنى خالىي دېمەس. نادان تىغى تالىب كۆڭلىن يارا قىلماس، ئەغيارلارنى يارىم دەبان زەخمىن بىلمەس. تالىبنىڭ كۆلفەت ئوتى بىرلە روھى تازە، ئاقلىغە

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

جانان جەمالىغە ئالەم ئەندازە. تالىب ھىممەتىغە فەلەك پەس، تالىب سەبرىغە كوھ خەس. تالىب ئولدۇر، مۇتىئ قىلىسە خۇبلۇق بىلە نەفسنى؛ ئاقىل ئولدۇر، رەمق ئەيلەر [تەقۋا بىلە(148)] غەفسنى. تالىبغە چۇن ھەمسايە نەفس، خۇبلۇق بىلە ھەقنى بېرۇر. شەيتان — زالىم پادىشاھ، [تالىب] — رەئىييە، مۇراسا بىرلە يۇرۇر. نەفسنى بىر يول ئۆلتۇرگەن جەھل، كۇفرى ۋە شەيتاننى بىلگەن سەھل.

بەس، تالىب ئولدۇركى، ھەمىشە كەرەم ئىشىكىنى ئاچار؛ ياخشى يامانىنى فەرق قىلماي، نىئمەت خانىنى ساچار. شەرىئەتتە خەيرنى ھەر كىمگە قىلىپ بولماس، تەرىقەتتە بىلىپ بولماس خەسنى ھەم پەس. تالىب ئولدۇر، بۇ سىفەتلەرگە مۇۋافىق بولسە، قىلغان فىئلى تەڭرى ھۇكمىغە لايىق بولسە؛ قىلغان تائەتنى باد [61A] بىلسە، بەرگەن خەيرنى بەرباد دېسە؛ بارچە قىلغانلارىن رىيا ئاڭلاپ، ھەسرەت يىسە، تائەت شەمئىن زىياسىز دەپ، شەۋق ئاتەشىغە ئۆزىن سالسە؛ گاھى خەۋف(149) بىلە بىھۇش، گاھى ئۇمىد بىلە دەرھۇش؛ گاھى جۇنۇن دەشتىدە بىقەرار، گاھى فەنا كويىدا ئىنتىزار؛ گاھى ئەجز مەسكەنىدە بىرەفىق، گاھى جۇنۇن مەھەللىسىدە ئەل ھەرىق.

بەس، تالىب تەرھىدىن ئىت ئار قىلۇر، بەلكى ئۆزىن ئىتدىن ھەم خار قىلۇر. تالىب رەۋشى يەتىم باشىن سىلەمەك، مەتلۇبىن دائىم ھەقدىن تىلەمەك. مىڭ يىل تائەتدىن غەرىب كۆڭلى ئەفزەلدۇر، ئالساڭ؛ بىر ئازار بىلە ئەجەب يوقتۇر رەھمەتى [ئىيزەد تەئالادىن] قالساڭ. بەيت:

تالىب ئولدۇر مەتلۇبى جانان بولسە،
ھۇر ئىلە قۇسۇر نەكى رىزۋان بولسە.
ئالەم گۈلىدىن كۆزىنى تىيسە تالىب،
تەن لەززەتىدىن جەفايى جانى غالىب.

جەننەت تەلەبان زاھىدى خام تەمەئ،
ساقىيدىن ئىتەر بولار قاچان جام تەمەئ(150).
دۇنيا ئىسىدىن دىماغى بۇ ئالماسە ھېچ،
نەفس ئەمرى ۋۇجۇدى سارى خۇ ئالماسە ھېچ(152).

تالىب ئولدۇر تەلەب يولىن پاك ئەتسە،
جانان يولىدا جانۇ دىلىن خاك(151) ئەتسە.
يۇز جەبرۇ جەفانى تارتىبان سەبر ئەتسە،
رەھم ئەيلەسە ئاڭا، كىم ئاڭا جەبر ئەتسە.

## ھېكايەت

بەس، ناگاھ بىر جەۋانى تالىب، مەتلۇب شەۋقى غالىب؛ فىراق خەنجەرى بىلە كۆكسى چاك، ھىجران ئەلەمىدىن دىيدەسى نەمناك؛ ۋىسال ئارزۇسى بىلە شاد، رەقىبلەر زەخمى بىلە[62A] ناشاد؛ مەتلۇبىن ئىزلەپ بۇ ئەفئاللارغە لايىق، بۇ ئەۋسافلارغە مۇۋافىق بولۇپ بىر نەچچە كۈن يول يۇرۇدى. ئىشى خەراباد ئېلىگە ئابكەشلىك، كامىل ئىشىكىدە فەرراشلىك. خانەقاھ شەيخى ئاللىدە تېز ھۇشلىك، مۇھەببەت ئۆسرۈكلەرىغە بادەنۇشلىك قىلىپ شەھر بەشەھر، مەنزىل بەمەنازىل تەي قىلىپ، ناگاھ بىر شەھرنىڭ كەنارەسىدىن ئۆتتى. ئېرسە ئۈچ قەلەندەر سۇرەتىدە ئادەم ئۇچرادى. ئۇلار بىر نەچچە قەدەم يول يۇرىدىلەر، بىر بەيابانىيغە يەتتىلەر. [بۇلار] بىر - بىرلەرىدىن ئىسم سوردىلار، بىرلەرى ئايدىلار: «مېنىڭ ئاتىم تائەت»، بىرلارى ئايدىلار: «مېنىڭ ئاتىم كۇلفەت»، بىرلارى ئايدىلار: «مېنىڭ ئاتىم مۇھەببەت، بۇ ئۈچ يارنىڭ مەكانى سەبر ۋادىسىدۇر» دېدى. ئول يىگىت ئايدى: «مەن سىزلەرنى ئارزۇ قىلىسام، قايدىن تاپاي؟» تائەت ئايدى: «مېنى ئارزۇ قىلساڭ، ئامىل بول». كۇلفەت ئايدى: «مېنى ئىزلەر ئېسەڭ، ئاجىز بول». مۇھەببەت ئايدى: «مېنى سۆيەر بولساڭ، فەنا بول».

بەس، ھەر كىمدە بۇ ئۈچ خىلسەت بولسە، ئۆزىنى تاپماققە ئۆزگە ھاجەت ئەمەس. رۇبائىي ھەققانىي:

كىم قىلسە ئەمەل بۇ ئىش بىلە ئارەستە،
شەب تا سەھەرى زىكرى بىلە پەيۋەستە.
ۋەھدەت مەيىدىن مەست[153] بولۇر ھەر دائىم،
ھەم جانۇ دىلى فەنا بىلە دىل خەستە.

باشىن كۆتەرۇرمۇ ئۆلۇم ئاللىدە خىرەد،
كىم بەردى فەلەك تاشىغە يەر ئۈستىدە رەد.
مىڭ جەۋرۇ جەفا [63A] يەتسە ساڭا ئەيلەمە ۋا،
نى چارە ئېرۇر گەر ئولسە تەقدىرى ئەھەد.

گەر ئولسە مۇيەسسەر ساڭا گەر ئابى ھەيات،
جانىڭغە كېلۇر ئەلبەتتە بىر كۈنى مەمات.
شۈكر ئايتمادىڭۇ يېدىڭ نىچە[154] نىئمەتنى،
ھۇشىڭغە كېلىپ ئىبادەت ئەت، ئەمدى ئۇيات.

يىغىل بەدەنىڭ كۆز ياشىدىن، قان كەتمە،
ئىش ۋەقتىدە قىل، قارىپ بەئارمان كەتمە.
تائەت نۇرىدىن[155] لەھەتنى ئاباد ئەيلە،
تۇيماسدە كېلىپ بىسەرۇ سامان كەتمە.

غەفلەت قولاغىدىن ئالا كۆر لەتتەسىنى،
زۇلم ئەتمە ئۆزۈڭگە يېمە نەفس شەتتەسىنى.
ھەر دەمنى غەنىيمەت بىلىبان، ئەيلە ئەمەل،
گەر كەلسە ئەجەل، ئالۇر كىچىك ـ كەتتەسىنى.

جابدۇق قىلا كۆر، ئاتا ـ ئانا، ئەل كەتتى،
چۈن[156] قالدى بۇ باغ، كۆر، نىچۇك سىل كەتتى.
ئۆمرىڭدا نى گۇناھ بىلە ئالۇدە،
پاك ئەيلە ئانى جەدەل قىلىپ، يەل كەتتى.

سەن غۇنچە ئىدىڭ، ئاچىلدىڭۇ گۇل كەتتى،
مىڭ نالە بىلە جان قۇشى بۇلبۇل كەتتى.
كۆزىڭ باردا تانىپ يۇرۇمەي يولنى،
چۈن خىيرە بولۇپ، ئىسىز ئەجەب يول كەتتى.

ئەرزىڭ دېمەيىن سەھەردەكى باد ئۆتتى،
كۆز ئۇيقۇداۋۇ نىگارى ئازاد ئۆتتى.
ئويغانغىل، ئايا، ھوشىڭغە كەل، ئەي نادان،
ئۆمرىڭ بارىسى فىسق ئىلە بىياد ئۆتتى.

ھاۋۇ ھەۋەس ئىلە بۇ قۇرۇق ئات ئۆتتى،
ئالەم يۇزىدىن خىيش ھەمە يات ئۆتتى.
ئىبرەت كۆزى بىرلە قاراماي، سەن نادان،
بۇ ئۇمر ئاتى جەدەل قىلىپ، پات ئۆتتى.

جان بەندە ئىدى نە ئۆچۈن ئازاد ئۆتتى،
ھەر سۇبھ [64A] سەنەم چاقىردى فەرياد ئۆتتى.
نادان نە ئۆچۈن بۇ ئەقبەلەردىن ئاشماي،
بۇ قۇل قۇتۇلۇپ بۇ بەندىدىن شاد ئۆتتى.

سەن يولغە كىرىپ زاد بىلە تۇشە قانى؟
مەنزىل يىراقى، خەتەردىن ئەندىشە قانى؟
جاھىللىك ئىلە ئۆتۈپ بۇ ئۆمرىڭ نەقدى،
پەرۋەردەغە سەندە ياخشىلىق پىيشە قانى؟

ئەمدى قارىدىڭ كۆڭۈلنى ئارمانى قانى؟
مەقسەدغە يېتەرغە تەننى دەرمانى قانى؟
دەرياغە كىرىپ، قۇرۇقسەن، ئەي نابالىغ،
بەھر ئىچرە بۇ جان بەھر ئالغانى قانى؟

سەۋدانى قارىپ كۆرۈپ[157] نىگە ئۆتكەزدىڭ،
كۆزۈ ئاياغىڭ باردە يولدىن ئازدىڭ.
ئۆتكەن ئىشىڭ نەدامەتى سۇد ئەتمەس،
قىل تەۋبە ياقاڭ تۇتۇپكى، ھەرنە يازدىڭ.

ئەي ئەبدىي، ئاياغۇ باشىڭ ھەمە كانى ئويۇب،
سەتتارۇ، غەففۇر ئىسمى ئەللامى غويۇب.
رەھمەت كوھۇ جەھان گۇناھى چۈن كەھ،
ئۇمىد قىلىپ، كۆپ ئولمە ئەمدى مەئيۇب.

## ئون ئىككىنچى فەسل تەجرىدلىك زىكرىدە

تەجرىد «تا»سى تەھەررۇكى نەفسىدىن ئۆتمەكدۇر، «جىم» جەھان رەئنالارىنى جەھد بىرلە تەرك ئەتمەكدۇر. «رى» رىيازەت دەرياسىغە غۇتە ئۇرمەكدۇر، «يا» يادى بىلە ئەقل ھۇشىنى تۇتمەكدۇر. «دال» دەردۇ ئەلەمنى راھەت بىرىپ ئالمەكدۇر.

بەس، تەجرىد ئولدۇركى، ماسەۋەللاھ گەردىدىن دىماغى تازە، مۇھەببەت ئەۋراقىغە جىسمى شىرازە؛ جۇنۇن قۇللەسىدە مەجنۇنۋار، غەم سۇتۇنىدە فەرھاد كىردار؛ ئىبادەت مەخزەنىيدە ھەمچۇن مار، [65A] مۇتتەقىي ۋادەسىدە چۇن نار؛ سەبر دەرۋازەسىغە پاسبان، ھىممەت تەختى ئۇززە ساھىبقىران؛ جۇنۇن تاشىغە نىشانە، مۇھەببەت قۇشلارىغە ئاشيانە؛ سەبۇك سەيرلىكتە باد پا، ئۇلۇۋۋى فەرۋازلىكدە ئىيسا ھەۋا. بەس، مۇنداغ تەجرىد «مائەئزىمە⑱ شەئنىكە» مەقامىدە جەۋلان قىلىپ، «قابە قەۋسەينى ئەۋئەدنا» تەقەررۇبىدە ئولتۇرۇپ، «ۋاما يەنتىقۇ ئەنىل ـ ھەۋا» مەزمۇنىدە تەكەللۇم قىلىپ، «ئىننەھۇۋە ئىللا ۋەھيى يۇھا» سىفەتىدە سۆزلەر.

بەس، ئەفئالى تەجرىد ئولدۇركى، خىرمەنى زەرنى بىر دىرەم بىرلە كۆيدۇرسە، جەفا چەكمەك بىلە دۇنيا تاپىپ، مىسكىنلەرنى تويدۇرسە؛ سۇدى بارچەگە يەكسان، نەفس تابىئى ھەممىشە ھەراسان؛ سۇدۇ زىيان ئاڭلامـاقدىن نارى⑲، كەرەم دەرياسى دەرجۇش ھەر سارى؛ بىر دىمەك بىلە بىرۇر يۈز، بارى قىلغانىن قىلمادى سۆز؛ قۇتۇ مەلبۇس ئۇچۇن غەمسىز، جەفاۋۇ جەبر چەكمەكتىن ئەلەمسىز. بەيت:

جەفا دۇنيانى تۇتتى، يەتتى قارۇنغە كۆرۈك شەدداد،
كۆرۈك ئەدھەمنى قىلدى كۆل خەتەردىن جىسمىنى ئازاد.
ھەۋا ئەيلەپ نە بولدى ئىبلىسۇ فىرئەۋن ئىلە نەمرۇد،
جەھاننى كىمكى سۆيدى، ئەي خىرەد، كۆرگىل نىچۇك بەرباد.
غەمۇ مىھنەت كىلۇر دۇنيايى دۇندىن ئادەم ئوغلىغە،
بىلىك كەۋنەين ئارا بۇ پەندنى بەردى ماڭا ئۇستاد.

بەس، ئالەم ئەلەمى دۇنيادىن يىتەر، دۇنياسىز ئەللەر بىغەم كىتەر[66A]؛ كىمدە ھىممەت ئاتى بولسە ھارىماس، تەجرىد مىڭ يول يۈرمەك بىرلە تارىماس. تەجرىد ئاشىقلىق ئەۋۋەلى، زاھىدلىق ئاخىرى. تەجرىد سۇھبەت⑳ ئەھلىنىڭ بالى، ئابىد ئىپلىنىڭ ھالى. تەجرىد كۆڭلى كۇدۇرەتدىن ساف، ئاجىزراق خەسدىن جەفا يەتسە چۇن كوھى قاف. كۆڭلى تەجەللىي لەمئەسىيغە جەلا، كۆزى ئىبرەت سەيقەلى بىلە زەلا. تەجرىد سەمەرىيدۇر بىخەزان، گەۋھەرىيدۇر ئەرزان؛ تەجرىد گۈلى ئاچىلماق بىلە تۆكۈلمەس، تەجرىد مەلبۇسى كىيمەك بىلە سۆكۈلمەس. تەجرىد سەبزەسى سۇسىز قۇرۇماس، تەجرىد بىخى زەخم بىلە چۈرۈمەس. تەجرىد فەسلى ھەممىشە بەھار، تەجرىد ئەرزى خۇش گۈل لالەزار. تەجرىد ئەيشىيدۇر بىزەۋال، غۇرۇرىيدۇر بىۋەبال.

بەس، تەجرىد شاھلىكدىن پەرۋاسى يوق، نە گەدا بولسە؛ يەنە رەنج يەتسە بىلمەس، نە دەۋا بولسە. قىتئە:

كۆزىگە زەررەچە بولماس كۆرۈنسە خىرمەنى زەر،
گەدا، شەھەنشەھۇ مۇفلىس قاشىدا ھاتەمى تەي.

يوق ئېردى قەترەچە قەدرى قاشىدا چۈن دەريا،
ھەجەر كۆرۈندى ئاڭا گەۋھەرىيكى پۇر جەۋھەر.

بەس، دەلىلسىز [سۆز]⑯ خەتادۇر، ئەگەرچە رەۋشەن كۈن بولسە، ئىشق ئېلى دېمەك يالغاندۇر، بىتەجرىد، سىيام كۈن ۋە قىيام تۈن بولسە.

## ھېكايەت

ناگاھ جەۋانى بىتەجرىد ۋە ھەق ئەتراقىيغە ئەھلى دىيد؛ نادان ئەلەمىيغە نىك ئەندىش، رەقىب ئەھلىغە مەلامەت كىش. ئابىد ئېلىغە [67A] دەردمەند، مۇھەببەت ئەھلىغە رىشە پەيۋەند؛ دەير مۇغبەچەلەرىنىڭ زۇلفىغە شانە، مەيخانە مەسكۈنلارىغە كاشانە؛ خانەقاھ تۈتىيلارىنىڭ شەككەرى، مەسجىد پىشىۋالارىنىڭ نەزەرى؛ سۇلۇك ئىرشادىنىڭ سەفەھسى، زاكىر ئەمدارىنىڭ نەفەھسى. ھىممەت ئاتىنى شەۋق تازىيانەسى بىلە سۈرۈپ، جۇنۇن تەبلىغە مۇھەببەت دەستەسىنى ئۇرۇپ؛ جەفا ئەقەبەسىغە سەبر بالىدا پەرۋاز قىلىپ، مەقسەد بىشەسىدە رىيازەت شىرىن ئويناتىپ؛ مەتلۇبغە تالىب بولۇپ، ئىشتىياق ئەلەمى غالىب بولۇپ، نەچچە مەنزىل يول يۈردى. كۆرەركىم، بىر ئازادەئى يول بىلە بارۇر، نە زاھىردا نىمەرسەئى مەۋجۇد، نە باتىندا بۇدتىن ئۆزگە نابۇد. بىر بىرەۋدىن نام سورىدىلار. ئايدى: «نامى مەن تەجرىد» دېدى. تەمەسخور قىلىپ ئايدىكى: «مۇنچە بارى ناتەمام ۋە مۇنچە تەۋەككۇلى نا ئەنجام بىلە تەجرىد نېچۇكدۇر؟» دېدى. ھەرچەند مۇلاھىزە قىلدى بۇ نۇكتە ئاچىلمادى، ھەر چەند تەفەككۇر بىلە بۇ ئەقدە چاچىلمادى. ئول ئازادە ئايدى: «بۇ مىقدار ھال بىلە ئۆزىن تەجرىد قىلىپ قەدەم قويسە، بۇ پەراكەندە كۆڭۈل [بىرلە] يارنى سۆيسە، مەقسەدغە يەتسە نە ئەجەب ۋە نە غەرايىب» دېدى. بەيت:

قويدى ئىيسا ئېلى مەريەم گام ۋەسل ئەيۋانىغە،
ئەي تەرىقەت ئەھلى مانىئ ھەر ئىكەۋ بىر ئىگنەدىن.

بەس، شەيخ نەجمىددىن ئايدى: «ئەي ئوغۇل[68A]، ئون سەككىز مىڭ ئالەم كىمدىن مەدار ئالدى، كىمدىن قەرار تاپتى؟ ئول قۇدرەتلىك قادىرغە تەكيە قىلماي، چارۇق غەمىن يەپسەن» دېدى. ئېرسە، ھۇشىغە كەلدىكى، چارۇق بەندى ئۈزۈلسە لازىم بولۇر دەپ بەندەۋار ئالىپ ئېردى، تەۋبە قىلىپ ئول بەندىنى تاشلادى. بەس، نەچچە يەردە چارۇق بەندى ئۈزۈلدى، ئېرسە، بەند ھازىر بولۇر ئېردى. بەندەدىن تەۋەككۇل تاق، دىل مۇشتاق، تەجرىد ئەدھەم بولماسە قايدىن مەقسەد قاپۇغى يۈزىگە ئاچىلۇر، جان بىريان چەشمە گىريان، ئەقل ھەيران، جىسم ۋەيران قىلماسە، رەھمەت ژالەسى قايدىن كۆڭۈل بوستانىغە ساچىلۇر.

بەس، ئەي ئاقىل، ئىر خاتۇن ئالماق بىلە، يا خاتۇن ئىر قىلماق بىلە تەجرىد رەۋشىدىن چىقماس، تەۋەككۇل تاغىنى سەل كەلمەك بىلە يىقماس. كۆڭۈل ـــ شاھدۇر، ۋۇجۇد ـــ شەھر؛ ئاندىن كەچمەي گەدا بولماس. فەنا ـــ دارۇ، ھەۋا ـــ دەرد، ئىچمەي ئاندىن جۇدا بولماس. بەندە ئولدۇر، نەفسىدىن ئۆزىن ئازاد ئەتسە؛ ئازاد ئولدۇر، خەتەرلەردىن ئۇيان ئۆتسە. تەجرىد ئولدۇر، ھەقدىن ئۆزگە بەرھەم بولسە؛ ئاشىق ئولدۇر، جەفا بىرلە ئۆلمەي ئۆلسە. تالىب ئولدۇر، تەلەب بىرلە جانىن بەرسە؛ مەردان ئولدۇر، دۇن ئەھلىدىن سىرىنى ياپسە. ئارىف ئولدۇر، ئۆزنى ئىزلەپ ئۆزنى تاپسە.

ناس بولساڭ شەرىئەت شەرتىن بەرجا كەلتۈر،[69A] تەجرىددۇرسەن، ئاجىز بولۇپ ھەۋا ئۆلتۈر. خۇبلار تەجرىدلىك بىلە ۋۇجۇدلارىن تۈزدى، مۇھەببەت بىلە ھەۋا مەنزىللەرىن بۇزدى. ئۆيلەنمەك

فەرزدۇر، نەفس بولسە؛ تەجرىدلىك قەرزدۇر(162)، نەفس ئۆلسە. تەقۋا بىلە تائەت قىلماي، جام ئىچمەس؛ شەۋق شەرابى مەست ئەتمەيىن، نەفسدىن كەچمەس. نەفس شەيتان ئوقىن ئاتار، ئوت بولماسە؛ ھەۋا شاھى دىلنى ئالۇر، تەن ئۆلمەسە. بەيت:

ھەۋا، ئىمان ئېرۇر بۇجەھلۇ ئەھمەد،
تاپىپ خۇلقى نىكۇ بول ساھىبى دۇر.
بۇ نەفسۇ رۇھ چۇن فىرئەۋن ئىلە نۇھ،
مۇھەببەت ئابىدىن جىسمىڭنى قىل پۇر.
بۇجەھلۇ ئەقل — نەمرۇدۇ خەلىلدۇر،
تەۋەككۇل گامىدا قىل نارى مەستۇر.

## ھېكايەت

بىر جەۋانى ئاشىق ئىشق بازەرىدا جەفا نەقدىن جان بېرىپ ئالغان، مۇھەببەت ۋادەسىدا چۇن بادى سەرگەردان قالغان، جانان كويىدە قويۇن ياڭلىغ ئەۋرۇلگەن، خەراباد كۇنجىدە مەكان تۇزگەن؛ سەجدە كىسرەتىدىن خانەقاھ خىشتىن ئۇشاتگەن؛ جىنزىب دەرياسىنىڭ مەۋجى، شەۋق گىرداۋىنىڭ ئەۋجى؛ سۇرۇر بوستانىنىڭ خەزانى، ئەلەم خەزانىنىڭ جانى؛ كۇلفەت ئەجسادىنىڭ غەم دىيدەسى، ئازار كۆڭۈللەرىنىڭ ئەلەم رەسىدەسى؛ ھىدايەت ئىزلەپ مەقسەد ۋادەسىغە پويە ئۇردى. بۇ رەۋىشدە نەچچە يىل ئۆمر كەچۇردى. [70A] ناگاھ بىر شەھرىنىڭ دەرۋازەسىغە يەتتى. ئېرسە كۆرەركىم، بىر مەردى كەلان ئولتۇرۇپدۇر. ئايدى:

— ئەي بابا، راھ قايسىدۇر؟ — دېدى. بابا ئايدى:

— قايان بارۇرسەن؟

جەۋان ئايدى:

— چەھارسۇ بارۇرمەن.

بابا ئايدى:

— مەقسەدىڭ چەھارسۇ بولسە، مەن بىلمەسمەن؟ — دېدى. جەۋان ھەيران بولۇپ ئايدى:

— ئەي بابا، بۇ نە سۆزدۇر، مەئلۇم قىلىڭ، — دېدى. بابا ئايدى:

— ھالىڭ مەئلۇم بولدى، مەئلۇم قىلسام بىلمەسسەن؟ — دېدى. ئېرسە جەۋان بىتاقەت بولۇپ يىغى(163) باشلادى. بابا ئايدى:

— ئەي ئوغلۇم، كىشىدە مۇھەببەت شەۋقى، ھىممەت بەرقى، تەۋەككۇل گامى، تەجرىد خىرامى، ئىبرەت چەشمى، شەرىئەت رەسمى بولسە يولدىن ئازارمۇ؟ — دېدى.

— بەس، ئەي ئوغلۇم، چەھارسۇ يولىن قويۇڭ، يەك سۇ بولۇڭ، — دەپ غايىب بولدى. بۇ جەۋان دەردمەندانە قەدەم قويۇپ، بىر گام يۈز گام ۋە بىر خىرام تۈمەن سۈرئەت بىلە مەقسەد مەنزىلىغە پات يۈرسەتدە يەتتى. قىتئە(164):

كىم قويدى تەۋەككۇل قەدەمىن ھەر چۆلغە،
قالدى قانى، ئەي خەيال، بوستان بولماي.
كىم بەردى بۇ جاننىيۇ، تاپمادى جانانىنى،
ئەدەم ئېلىدۇر ھەمىشە جانانە بىلە.

بەس، ئەي تەجرىد، كۆڭۈلنى دۇنيادىن ساۋۇت، [71A] ئەمرىن قىلىپ ئۆزىگە ئۆزنى ياۋۇت؛ ئەغيارنى يار مەنزىلىغە يول بەرمە، فىكرى بىلە؛ نەفس ئىتىنى مەجرۇھ قىل، تەقۋا قىلىپ، رۇھ جانىۋەرىنى سەمۇرتۇپ زىكرى بىلە. جاندىن ۋە ھەم جەھاندىن كەچ، زەھىر ۋە ھەم شەرابدىن ئىچ؛ رىند ئەھلىگە نادان زەھرى قەتتال، تەجرىد ئەھلى بۇ ئاغۇنى دەپ ئىچەر بال. مۇئمىنغە [ئالەمدىن] ھەمىشە جەفا، تەجرىدغە جەفا يەتسە، ئۇلدۇر ۋەفا.

بەس، خاسلارغە تەجرىدلىك بولدۇر، نادانلارغە ئاشىقلىق ئۇلدۇركى، بىر گۇرۇھى خەلق بەدەنى خىرقەپۇش، ئاغىزلارى بادەنۇش؛ جىزبىلەرى غەۋغاۋۇ سۇرۇش؛ ئىلىك ـ ئاياغلارى بازى بىلە، نادان ئەھلى دەر رازى بىلە؛ كۆزلەرى مەستانەۋار، مەئرىفەت سۆزى ئارىف كىردار؛ ياخشى جەۋانلار بىلە سۇھبەتى، جاھىللار بىلە ئۇلفەتى؛ زاھىرلارى زاھىد سۇرەت، باتىنلارى دىۋ سىيرەت؛ مەلبۇسلارى زاھىدنەما، جەسەدلەرى بارچەدىن بەدنەما؛ ئەفئاللارى مەيپەرەست، ئەل كۆزىگە بادە مەست، كۆڭۈللەرى بۇتپەرەست، ئەقللەرى دىل شىكەست؛ زەبانلارى بايەزىد، بۇ ئەل بارى دىل يەزىد؛ ئىلىكلەرىدە كەلامى ھەق، جاھىللارى كۇفرى مۇتلەق؛ تەۋائىلىغى نەفسى دامى، شەيتان زەربى ھىرسۇ خىرامى؛ خەياللارى بارچە تەمەئدىن، غەمۇ غۇسسە [يەپ] قىلۇر كىينەۋۇكىن. بۇ ئەل شەيتاندىن مەككار، نەفسدىن ئەييار، [72A] ھىيلەۋۇ مەكر بۇلاردا يۈز مىڭ تەييار؛ دامى شەيتان نەفسى خاس، بۇلارنىڭ ئەفسۇنى ئام. نەفسۇ شەيتان زەخىم ئۇرسە، تەۋبە بىلە ئىمان يېتەر، بۇ ئەل مەكرى بىلە بىتەۋبە، ئىمانسىز كېتەر. قىتئە⑯⑤:

گەجدەمۇ مار زەھرىدىن ئادەم،
تەۋبەئى زارىئى خۇدا ئەيلەر.
زەربى جاھىلۇ ئەھمەقۇ نادان،
دىنۇ مەزھەبدىن ئۇل جۇدا ئەيلەر.

بەس، ئەي دەرۋىش، كىم «ۋاۋ»دەك كەج، خەۋف ئىچرە ھەلاك؛ كىم «ئەلىف»دەك راست [جان ئىچرە پاك]⑯⑥. كىم «لام»دەك بەلا ئىچرە سەرنىگۇن، يا ئۇل كىشى قاف ئاستىدا چۇ نۇن. ھەر دىلدە مەشرەب يوق، ھاسىلى ئان مەزھەب يوق. ھەر كىشى رەئىسى بەندەئى خاس، ھەر ئەقلى تەرەسناك ئۇلدۇر ئىمانى پاك. ھەر نەزەرى با ئىبرەت، نەھاجەت ئىلمى ئالەت. نەزم:

كۆڭۈلنى كىنەدىن پاك ئەيلە، تەجرىد،
ھەۋەس گەر بولسە سەندە ئەھلى تەفرىد.
غەزەبدىن ئەقل لەۋھىن تازە ئەيلە،
ئۆزۈڭنى ئەمرىغە ئەندازە ئەيلە.
ھەۋادىن بولماسۇن كۆڭلۈڭ ئارا خەس،
ئۆزۈڭنى تۇت ھەمىشە بارچەدىن پەس.
ئۆزۈڭنى قاتمە ئالەم ئەھلىگە ھېچ،
ھەمىشە يادىدە بول پىچ دەرپىچ.
قىلىپ نىيەت ئۇقىنى دائىما راست،
قەدەمنى ئەگرى يولغە قويمە بىخاست.
فەنا بول، زاھىرىڭنى ئەيلەمە خۇب،
نەچە خۇبمەن دېگەنلەر بولدى مەئيۇب.
رىيازەت زەربىدىن نەفسىڭنى قىل رۇھ،
بولۇر تابىئ ساڭا گەر بولسە مەجرۇھ.
تەۋازىئ بىرلە تىل قىل شەككەر ئەفشان،
تەممەتتۇئ ئەيلەسۇن گەر بولسە ھەر جان.
قويى باشىڭنى قىلغىل خەستەلىغدىن[73A]،
كۆتەر كۆڭلۈڭدە ھەر نە كىينەۋۇ كىن.
دىماغىڭدىن تەمەئ بۇيىنى قىل دۇر،
كۆرۈنسە شۇبھە تەقۋا ئەيلە مەستۇر.
ۋۇجۇدىڭ ماسەۋادىن ئەيلەگىل پاك،
كى ھەر نە ھەستلىكدۇر ئەيلەگىل خاك.

تەۋەككۇل بەھرىغە سالغىل ئۆزۈڭنى،
ئايىرمە دۇررى مەقسەددىن كۆزۈڭنى.
خەتەردىن خىرە بولمە، كەلسە مىڭ جەبر،
بولۇر رەھمەتكە ۋاسىل ساھىبى سەبر.
مۇھەببەت جامىغە بەر جىسم ئىلە جان،
خەرابات ئەھلىگە قىل جاننى قۇربان.
سىنىڭدىن[167] بولماسۇن بىر مۇر ئازار،
كىم ئازارى دىل ئۇلسە تەڭرى بىزار.
نە تاپساڭ، قىل ئانىڭ يارمىنى ئېھسان،
بۇ خەيرىڭ بىلمەسۇن يا غەيرى مېھمان.
قىلىپ تائەتنى بىل ئۆزۈڭنى گۇمراھ[168]،
نەدامەت بىرلە ياشىڭ تۆك، قىلىپ ئاھ.
جەفا كىم قىلسە، قىلغىل ياخشى پىشە،
چىقارغىل كىنەنى دىلدىن ھەمىشە.
يىراق تۇتغىل ئۆزۈڭنى خۇدپەرەستدىن،
زەبۇنراقدۇر بۇ ئەل، بىل، بۇتپەرەستدىن.
ھەرىس دۇنياغە كىمدۇر، بول كەنارە،
گەر ئەقلىڭ بار، قوشۇلمە ئەھلى نارە.
غەزەبلىك ئەھلى بولسە ساڭا يولداش،
يىراق سالغىل ئۆزۈڭنى كەتسە ھەم باش.
قولۇڭدىن قويماغىل شەمشىرى ھىممەت،
جەھانغە مەيل ئولۇر ئەئزانى قىل لەت.
ئۆزۈڭ سالغىل تانۇپ، كىم بولسە ھۇشيار،
بول غافىل ئەھلىدىن ئەلبەتتە بىزار.
غەرىبۇ خەستەنىڭ پەندىنى ئال يار،
كۆزۈڭ قىل ئۇيقۇدىن ھەر كېچە بىدار.
ھەمىشە جانۇ دىلنى[74A] ئەيلە ئاگاھ،
ئوقۇپ قىلغىل ئەمەل، يول يۈرمە بىراھ.
بۇ خىسلەتلەر مۇۋافىق بولسە تەندە[169]،
دېگىل ئانداغ كىشىنى خاس بەندە.
بولۇر تەجرىد، ئۆتۈپ بۇ ماسەۋادىن،
بۇ سۆزدىن ئۆزگە يوق تا رۇم ئىلە چىن.

## ئون ئۈچىنچى  فەسل ئۆمر ئاتىدا جان نېچۈك جەۋلان قىلۇر، ئانىڭ زىكرىدە

بەس، جان بەھادۇرىغە ئىككى تەۋسەن، ئىككى تازيانە ۋە ئىككى جابدۇق راستلاپ، جەھان شاھى ئىككى ئەتراقىنى[170] بىر قەدەم بىرلە كەزدۇردى. ھەربىرىسىدە بىر شاھ، تۈمەن ۋەزىر، ھەر شاھدا بىر شەھەر، ھەر شەھەردە يەتتە دەرۋازە. بۇ بىر جانبازدە بىر شەھەر، ئون ئىككى شاھ، ھەر شاھدە ئوتتۇز ۋەزىر، ھەر ۋەزىردە يىگىرمە تۆرت ياراغ. بۇ ئىكەۋ ھارماس ئات، ئۆزى بىپايان يولغە كىرىپ، نىھايەتسىز تۇشە بىلە يۈرۈپ، بىكوند ياراغ بىلە ھەرب قىلىپ، سۇرۇرى بىزەۋال، غۇرۇرى بىۋەبال، دەرۋازەسىغە بارۇر. گاھى ئەزابى بىبىدايەت، ئەلىمى بىنىھايەت، شەھەر سارى سۇرۇر.

بەس، بىلىپ بولماس كىم جەللادى بىرەھم، خۇنرىزى بىۋەھم؛ قاتىلى بىشەمشىر، جابىرى بىتىير؛ زالىمى بىشەفقەت، قاھىرى پۇركۇلفەت؛ بۇ ئەلنى قايسى مەنزىلغە قەدەم ئۇرغاندە، قايسى دەرۋازەغە سەفنى قۇرغاندە، قايسى شەھرگە تەختىن تۇزغاندە، قايسى قەلئەنى بۇزغاندە، ۋەيران قىلۇر. تا ئول ھالغە يىتكۇنچە؛ مەقسۇدلارى بىتكۇنچە. بۇ تېڭىز دەريا ئىچرە ھەلاكدۇر، كىيمە بىرلە مەللاھ كېرەككىم،[75A] مەنزىلغە يەتكۇرگەي. نەزم:

ئىكى ئاستىڭدەكى ئاتىڭ شەبۇ رۇز،
ھەۋا بۇ تازيانە دەردۇ ھەم سوز.
ئېرۇر بۇ ئەمرۇ نەھيى ئىككى جەبدۇق،
تەرىقىي ئاخىرەتدۇر ئاخىرى يوق.
ئىكى شاھ ئېردى بۇ ئىمانۇ شەيتان،
ۋەزىرى تائەتۇ بۇ بىرى ئىسيان.
ۋەزىرلەر يولچىسىدۇر جەھل ئىلە ئەقل،
بۇ سۆزدۇر خۇبلاردىن نۇسخەدە نەقل.
ئىكى شەھرى بولارنىڭ كۇفرۇ مەزھەب،
بىلىڭ دۇنياۋۇ دۇندۇر بەھرى بىلەب.

يەتى دەرۋازەسىدۇر يەتتى ئەئزا،
مۇساۋىددۇر بۇ ئىككى شاھغە ۋا.
بۇ بىر جان سەفشۇكەن جانبازلىغدە،
رەفىقى ئۇمر ئاتى ھەمرازلىغدە.
ئاڭا تابىئ ئېرۇر شەھرى چۇ ۋادى،
ئون ئىككى شاھ ئاندا مىسلى بادى.
كە ھەربىر شاھنىڭ ئوتتۇز ۋەزىرى،
چۇ بەرق جەۋلان قىلۇر ھەر لەھزە بىرى.
يىگىرمە تۆرت ئالەت ھەمچۇ بەرران،
بولار ئىلكىدە ئۆتتى تىيرە پەرران.
تەمام ئەتكۈسى بىر كۇن شەھرى سالىڭ،
قىلۇر تاراج بارچە ئالۇ مالىڭ.
ئىدى بىر پادشاھى سەندە ھەر[171] ماھ،
ئەمانلىق ئېردى ساڭا كۇچەۋۇ راھ.
تۈگەلدى شاھلار، تۈشتۈڭ خەتەرغە،
خەتەرلەر بولدى كۆپ مەنزىل يېتەرگە.
بۇ ئوتتۇز كۇن ساڭا پەرۋەردە ئېردى،
ۋىدائ ئەيلەپ ساڭا رۇخسەتنى بەردى.
كېتىپ بۇ سائەتىڭ ھەربى قاشىڭدىن،
بۇ ئاتىڭ بولدى لاغەر قالدى بىزىن.
قانى ئەمدى مەجالىڭ، ئەقلى كوتاھ،
كېزىپ مىڭ نالە بىرلە تۈشەسىز راھ.
بۇ ھالىڭ بىرلە، ئەي جاھىلۇ نادان،
يۇتارسەن كېچە ـ كۇندۇز نەفس ئۇچۇن قان.[76A]

بەس، بۇ ھالدا شەباب رەختىنى، مۇھەببەت تازىيانەسىنى، ئىبادەت لەجامىنى، زىكر شەمشىرىنى، [دىن شاھىنى][172]، ئەقل ۋەزىرىنى، مەزھەب ۋىلايەتىنى ئاررزۇ قىلساڭ، مۇيەسسەر بولۇرمۇ؟

ئەي نادان، سېنىڭ باشىڭدا نە ھال، ۋۇجۇدۇڭدا نە ئەفئال؛ ئاقىل ئەھلى بۇ تېگىزدىن دۇرنى ئالماققە بىپايان يول بىلە مەقسەدى مەنزىلىغە بارماققە بۇ رەۋىش بىرلە قەدەم ئۇردىكى، سۇرئەتىدىن بەرق ئاياغى بەند، باد رىشتەسى ئۇزۇلدى. ھەر يىل ئون ئىككى ئاي، ھەر ئاي ئوتتۇز كۇن، ھەر كۇن يىگىرمە تۆرت سائەت، ھەر سائەتدە مىڭ نەفەس، ھەر نەفەستە مىڭ[173] گام. بەس، بۇ مىقدار قەدەم بىلە مەقسەد ۋادىسى چە مىقدار يولدۇر؟

نەفس زىكرى بىلە، قەدەم فىكرى بىلە قويۇلسە، مەتلۇبى مېھرى تالىبىنى قويارمۇ؟ شەۋقسىز زىكر، زەۋقسىز فىكر، مەتلۇبسىز تەلەب بىرلە نادان ئەھلى قەدەم ئۇرسە، نەفس دانىن كۆرۈپ شەيتان دامىغە تۈشسە، نە ئەجەب ۋە نە غەرايىب.

## ھېكايەت

ناگاھ بىر نەچچە ئەھلى ھىممەت تەۋەككۇل ئاتىغە مىنىپ، تائەت زادى بىلە كەئبە سارىغە يۈزلەندىلەر. بىر نەچچە مەنزىل ۋە مەراھىل تەي قىلىپ، بىر شەھرگە يەتتىلەر. شول كېچە[سى] بىر قەلەندەرخانەدە مەكان تۇتتىلار. ئالدىلارىغە بىر ژەندەپۇش سەرمەست، خىرقەبەردۇش بادەپەرەست يولۇقتى. كۆرەرلەركىم، ئەجەب دىۋانەئى سەيياھىي. سوردىلاركىم:

ــ ئەي بابا، قايسى باغنىڭ گۈلىسىز، قايسى چەمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى خەراباتىنىڭ چۇغزى ۋەيرانەسى، قايسى سەرۋىنىڭ قۇمرىئى دىۋانەسى؟ [77A] قايسى گويگە چەۋگان، قايسى تىيرگە پەيكان؟ قايسى جەبر تاشىغە نىشانە، قايسى غەم خەيلىگە خانە؟ قايسى مەلامەتنى سۇپەرى، قايسى ئەتراقنىڭ رەھبەرى؟ ــ دەپ سوردىلار. ئېرسە [ئول قەلەندەر][174] بۇ بەيتنى ئوقۇدىكى. بەيت:

كىم بىلدى ئۆزنى، كىردى تەرىقى ئەدەم سارى،
ھەر ياقدە[175] ۋەسل ئايىگە باقارمەن قەدەم سارى.

مەندىن نە شەھ، گەداۋۇ نە ئۆز، ئۆزگەنى دېمەك،
نە جەبرۇ راھەتۇ نە سۇرۇرۇ نە غەم سارى.

— ئەمما شۇنچە بىلۇرمەنكىم، كۆڭۈل باغىغە مەقسەد گۈلىنى جان بۇلبۇلى كۆرۈپ رام بولدى. فەنا ۋەيرانەسىنىڭ چۇغزى، نەفى ئىسبات سەرۋىسىنىڭ قۇمرىسى خىرەد دامىغە ئىلىندى. جەھان چەۋگانىغە گۇي، فەلەك تىرىگە پەيكان؛ ئەممارە تاشىغە نىشانە، ئەزازىل ئىلىگە خانە ئادەم بولغاچ، بۇ ئەندازەدە ھەر پەرزەنتنى كۆرەرمەن، ئەمما ئەل ئەھۋالىن كۆرۈپ، ئۆز ئەفئالىمدىن خەبەرىم يوقتۇر [كى]، ساكىنىم بار[176]دەندە، قەبۇلىم بار[177] ئاندە. ئەي بەرادەرلەر، قايان بارۇرسىزلەر؟ قايسى مەنزىلنى كۆزلەرسىزلەر، [قايسى مەتلۇبنى ئىزدەرسىزلەر؟][178] — دېدى. بۇلار ئايدى:

— مۇرادىمىز تاجى زەمىن، مەتلۇبىمىز بارچە ئەمىن، — دېدىلەر. ئېرسە تەبەسسۇم قىلىپ ئايدىكى:

— ئەي بەرادەرلەر، سىزلەردە دەھر كەزمەك، دەيردىن چىقمەك، دىۋار كۆرمەك، دىداردىن قاچمەك بىلىنۇر، — دېدى. بۇلار ئايدىلار:

— ئەي بابا، مۇنى بىزلەرگە ئەيان، ئانى بەيان قىلىڭ، — دېدى. ئېرسە بابا ئايدى:

— بۇ سۆز ئىبرەت كۆزى،[78A] خىرەد قۇلاقىغە، — دەپ سۆزنى ئاچتى، ئايدى، — ئەي پەرزەنت، بۇ يولغە ھادىئى ئىشق، زادى فەنا، لەجامى ھىممەت، تەۋسەنى تەۋەككۇل كېرەك، — دېدى، — بۇل رەۋشكە ئول كۆرۈش، بۇل كىردارغە ئول دىيدار؛ بۇل تالىبغە ئول مەتلۇب، بۇ بىيناغە ئول دىدار، — دېدى. ئېرسە بارچەلەرى ئايدىكى:

— ئەي مۇھەببەت دەرياسىنىڭ سەمەكى، ۋەي ئەخلاق تۇئىمەسىنىڭ نەمەكى؛ ئەي ئىمان گۈلشەنىنىڭ بەھارى، ۋەي ئەتراق قۇشلارىنىڭ نەھارى؛ ئەي فەنا مەملۇكىنىڭ نىزامى، ۋەي مۇھلىك مەخلۇقىنىڭ ئارامى؛ ئەي ئەتشان خەيلىنىڭ ئابى، ۋەي مەرجان خەيلىنىڭ[179] گەۋھەرى نايابى، — دەپ قەدەملەرىغە يۈزلەرىنى سۈرە باشلادىلار. ئېرسە ئاللاھ تەئالا بارچەلەرىنى ھاجەتىنى رەۋا، مۇشكۇللەرىن ئاسان قىلدى.

بەس، ھەركىم مەتلۇب ئىزلەپ، مەقسەد يولىغە قەدەم قويسە، ھەر دەشتىدىن خىزر، ھەر بەھردىن ئىلياس چىقسە نەئەجەب ۋە نە غەرايىب. بەيت:

كىم چەكتى جەفانى كۆرمەدى راھەتنى،
كىم قىلدى ۋەفانى كۆردى ئول ئۇلفەتنى.
ھەر نىكۇ بەدى جەزاسى بار ئىنۇ ئان،
ئۆزىگە ئۆزى سەئىب قىلۇر مېھنەتنى.

بەس، ئەي ئادەم، ئۆمر ئاتى ھارماسدە؛ باقىي مەنزىلغە بارماسدە، ھەيات مېھرىنى ئەجەل سەھابى بەركىتمەي تۇرۇپ، شەباب ماھىنىڭ يارۇغلۇغى يىتمەسدىن بۇرۇنراق يولنى تانۇپ، قەدەمنى ئىلگەرى [79A] قويساڭ، تەن قۇۋۋەتى بارىندە جان راھەتىدىن ئۆتۈپ، نەفس كۆزىنى تەقۋا بىلە ئويساڭ. كىم جان بىلە جەھاندىن ۋەفا ئالدى؟ كىم ۋەفا ئىستەدى جەفادا قالدى. كىم جىددۇ جەھد قىلدى تەلەبىغە يەتمەدى؟ ھەر كىم بۇ كۇنكى ئىشنى تاڭلا دېدى، بىتمەدى.

بەس، بۇ ئاشىقلار ئۆمرى رۇز ـ شەب بۇراقىنى مىنىپ، نې رەۋشتە مەقسەد يولىغە[180] يۈرىدىلەر، بىيابان يولنى يۈرۈپ، يەتمەس مەنزىلغە يەتتىلەر. كۇندۇز تەجەللىي لەمئەسىدىن شەۋق تاپتى، كېچە

رازىن ئايتىپ، زەۋق تاپتى. كۆندۈز ئەل ئەلەمىدىن مۇھەببەت ئارتتى، كېچە ئۆزىن ئىبادەت سارىغە تارتتى. روز قۇرئان بىلە سۆزى، كېچە يىغى بىلە كۆزى؛ كۆندۈز بولسە غەرىبلەر بەھرەسى، كېچە بىرلە ئىشى پەريادرەسى. كۆندۈز ۋەئز گۇفتارىدە بۇلبۇل، كېچە رەھمەت ژالەسىغە گۇل. كۆندۈز بەنا ئەھلىغە مەكان تۈزماق، كېچە ۋۇجۇد مەملۇكىنى بۇزماق. كۆندۈز نەفس خەيلىغە دەئۋا، كېچە ئىشق[181] بازارىدا سەۋدا. كۆندۈز سۇبھى قىيامەت فىكرى، كېچە شامى ئەجەل زىكرى. كۆندۈز ئەمرى بىلە مەغرۇر، كېچە ئارام ئالماقدىن دۇر. كۆندۈز قۇدرەت دىدارىدە، كېچە دىلبەر دىۋارىدە. كۆندۈز مەئيۇب ئەلگە پەردەپۇش، كېچە خەرابات ئىچرە مەي نۇش. كۆندۈز بەلا خەيلىنىڭ ئارامى، كېچە خەيال مۇرغىنىڭ دامى. كۆندۈز مەقسەد يولىنىڭ چەراغى، كېچە جەمال ئەدۇسىنىڭ[80A] ياراغى. كۆندۈز شەرىئەت ئەيۋانىغە نۇر، [كېچە] كۆڭۈل جانۇەرىغە ھۇزۇر. كۆندۈز مەزھەب ئەيۋانىغە شەمئ، كېچە پەرۋانە ئېلىگە شەمئ.

بەس، خىرەد ئەھلى بۇ ئىككى بازاردە ئاخىرەت سەۋداسىنى بىتكەردى؛ بۇ ئىككى نەقد بىرلە ئۇقبا مەتائىنى ئالدى. بۇ ئىككى باد بىلە مەقسەدىغە يەتتىلەر. نادان ئەھلى بۇ ئىككى بەھرىدىن بىبەھرەدۇر، كۆندۈز ئەيش، كېچە خاب بىلە؛ كۆندۈز يېمەك، كېچە تاڭلا غەممىنى دېمەك [بىلە] ئۇمر ئۆتكەننىنى تۇيماسلار.

ئىلاھا، بارچە قۇلنى ۋە بۇ ئاسىينى بۇ ئاگاھلىق بىلە مەقسەد [مەنزىلىغە] يەتكۈر، ئەمر ئىشلەرىنى زەۋق ۋە شەۋقىڭ بىرلە بىتكۈر؛ ئامىن، يا رەببىل ـ ئالەمىن. بەيت[182]:

ئەي تالىبى ۋەسلىلقا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول،
گەر ئىزلەسەڭ راھى فەنا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

ئۇمرىڭ زەمىنى خۇشەسىز، ئىلكىڭ گەر ئولسە تۇشەسىز،
چەك دەرد بىرلە ئاھۇ ۋاھ، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

دەردى مۇھەببەت ھاسىل ئەت، كەچ بولمايىن مەقسەدغە[183] يەت،
تېز ئەيلە دەردىڭغە دەۋا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

تەقۋىيۇ تائەت تېز قىل، دۇن خەيلىدىن پەرھىز قىل،
قىل جاننى جانەنغە فىدا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

بولدى گۇناھلەر سانى يوق، بۇ دەردى دىل دەرمانى يوق،
تا رەنجلەر تاپقاي شىفا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

تائەت يولى بولدى زەبۇن، قەددىڭ ئېگىلدى مىسلى نۇن،
قىل زار ئەيلەپ راز دۇئا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

رەھمەت قاپۇغىدۇر ئاچۇق، دەريايى رەھمەتدۇر ساچۇق،
قىلغىل سەۋادىڭنى جەلا، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

جان بارىدە جانان تىلە، دەرد بارىدە دەرمان تىلە،
بولغىل ئۆزىگە دادخاھ، ھەر رۇز ـ شەب بىيدار بول.

ناسۇرىدەك بولدۇڭ كەسەل، نامەئدە ھېچ يوقتۇر ئەمەل،
قىلغىل نەدامەت ھەر سەباھ، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

دىيدار تىلە، ئەي بۇلھەۋەس، ئالەمدە بولغىل خارۇ خەس،
ۋىرد ئەت بۇ كۈن ھەمدۇ سەنا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

ئۆمرىڭ بەھارى چۈن خەزان، كەلگەي ساڭا ساھىبقىران،
ياتماق ساڭا يوقتۇر رەۋا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

قىلماس نەدامەت ساڭا سۇد، خالىس ئاڭا يوقتۇر سۇجۇد،
ھۇشىڭغە كەل ئەمدى، ئايا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

جىسمىڭدا يوق خۇلقى ئەدەب، جانۇ دىلىڭدە خەۋفى رەب،
ئەفئاللارىڭ پۇرنارەۋا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

كىرگەن يولۇڭدۇر پۇر خەتەر، بارى گۇناھىڭدۇر بەتەر،
سەتتارۇ غەففار رەببەنا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

جانغە ئەجەل پەنجە ئۇرار، تىلدىن سوراقچىلار سورار،
يەر قوينى بولدى ساڭا ۋا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

مەھشەردە ھالىڭ نە بولۇر، نەيزە بويى خۇرشىد ئولۇر،
قايسى تەرەفدىن نامەھا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

مىزان ئارا جۇرمىڭ كەبىر، بولدى سەۋابىڭ چۈن سەغىر،
كۆپتۇر سىرات ئۈزرە بەلا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

دەۋزەخ ئوتىدۇر جاۋىدان، جەننەت ساڭا دارۇل - ئەمان،
ئەي تالىبى ھەر دۇ سەرا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

ئەي ئەبدىيا، بۇدۇر سۆخەن: ھۇ ئەيلەيۇ بول بىۋەتەن،
دىيدار كېرەك، بول ماسەۋا، ھەر رۇز - شەب بىيدار بول.

## ئون تۆرتىنچى فەسل ئىمان گەۋھەرى ۋە مۇھەببەت بالى زىكرىدە

ئانداغكىم، كۆڭۈل سەندۇقىغە ئىمان گەۋھەرىنى مۇھەببەت قۇفلى بىلە، شۈكرى ئىلكى بىلە، سەبر پەردەسىدە بەركىتتى؛ ئەقل ئانىڭ پاسبانىدۇر. ئىشق بەيزەسىنى تەجرىد سەندۇقىدە، جەفا قۇفلى بىلە، مىھنەت ئىلكى بىلە، رىزا پەردەسىدە پىنھان ئەتتى؛ ھىممەت ئانىڭ پاسبانىدۇر.

بەس، بۇ ئىككى بىبەھا دۇرنىڭ ۋە بىپايان خەزىنەنىڭ ئىككى ئوغرىسى باردۇر. ئانىڭ ئوغرىسى شەيتان، مۇنىڭ ئوغرىسى نەفس. بەس، ھەركىمنى ئول گەۋھەردىن بىنەسىب قىلسە، شەيتان كىزب قەدەمىنى باسىپ، ھەرام ئىلكىنى سۇنۇپ، بىھەيا كۆزى بىلە قاراپ، شەرىك مىفتاھىدە ئاچىپ، رىيا فەردەسىغە پىنھان قىلۇر. ھەر نامەرددىن بۇ بەيزەنى ئالۇر بولسە، نەفسۇ ھەۋا قەدەمىنى باسىپ، ھىرس ئىلكىنى سۇنۇپ، ھۇسۇد چەشمى بىرلە قاراپ، دۇنيا كەلىدى بىلە ئاچىپ، لەززەت پەردەسىدە پىنھان ئېتەر.

ئەمما، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ھەر كىمگە ئەقل بەردى، ئىمان ۋەئدە قىلدى. بەس، ئەقل ئەجسادىنىڭ باشى — ئىلم، كۆزى — ئەمەل، قۇلاغى — فىكرى دەۋام، ئاغزى — زىكرى مۇدام؛ قولى — خەيرى بىرنيا، كۆڭلى — شەفقەتى يەتىمان، [82A] لىباسى — سىيامۇ قىيام. ھەركىم بۇ ئەفئالغە لايىق، بۇ ئەۋسافغە مۇۋافىق بولسە ئەقل ئىگەسىدۇر. ئىمان نەسىبى يوق ئولسە، بۇ مىھرىدىن تىيرە، ئول گەۋھەردىن خىيرە [بولۇپ، قارانغۇلۇقدە قالۇر.]⑱④ قىتئە:

ئەقل چۇ خۇرشىد كۆڭۈل دەھرىدە،
يوقسە نە مەئلۇم بەيازۇ قارا.
قايسى ۋۇجۇدىدە يوق ئول جەۋھەرىي،
فەرق قاچان قىلدى سەۋابۇ خەتا.

كىمگە كىم كەرىم ھىممەت ئاتا قىلدى، ئىشق ۋەئدە قىلدى. ھىممەت — جانۋەرىدۇر، ئانىڭ باشى ماسەۋادىن ئۆتمەك، قۇلاغى — ئۆزىدىن ئۆزگەنىڭ مىھرىنى ئۇنۇتمەك، كۆزى — شەھۋەت تابىنى ساۋۇتمەك، ئاغزى — جەفا ئاغۇسىنى يۇتمەك. تىلى — غەم زىندانىدە گۇشە تۇتمەك، قاناتى — ئەلدىن قاچمەك، قۇيرۇغى — ساقىي ئىشىكىگە تۇشمەك، ئاياغى بادە ئىشتىياقىيدا خەرابات ئەھلىگە قۇل بولمەك.

بەس، ھەر كىمدە بۇ ئىلم پەيدا ۋە بۇ نىشانە ھۇۋەيدا بولسە، ئول بەيزەنى بۇ قۇش پەرۋا قىلۇر ۋە رىيازەت ئاشيانىگە قوندۇرۇر. سەنا دانەسىنى بېرۇر. ۋەسل بوستانىدە پەرۋاز قىلۇر؛ مەقسەد جانۋەرلەرىنى سەيد ئېتەر، بۇ شەھباز ئىلكىدىن بارچە مەقسۇدلار بىتەر. بەيت:

ھىممەت ھۇماسى سايە [سالۇر]، يەتسە باشىغە،
ئەنقاىي رام ئەيلەسە تاڭ يوق بۇ ئىش بىلە.
سىيمۇرغ بىمۇھەببەت ئېتەر جەھد بىرلە كار،
چەرگەيغە ئىھتىياج بولۇر كەلسە قاشىغە⑱⑤.

بەس، بىبال ئىشقدە ئۇچماق يوق، بىزەرف بالنى ئىچماق يوق. ھىممەتسىز ئىشق — باد، ئەمەلسىز ئىلم — بەرباد. بىسەمەر شاھ — بىسەبات گۇل، بىگىريە زەۋق — باخەزان بۇلبۇل. ئىبادەتسىز تەن خۇشكۋار، ئەلەمسىز دىل مۇردەۋار. بىتەقۋا رىيازات — بىمىھرى نەباتات، بىسەۋا ھالەت كەلمەك — تۇش بىلە ھادىس بىلمەك. ئىشقسىز تائەت — سۇسىز زىرائەت. دىلى بىتەۋەككۇل — ئاتەشى بىتەھەممۇل. لەبزى بىتەئەسسۇر — مەۋتى بىتەكەسسۇر. سۇخەنى بىۋەقت — ئەجەلى بىمەھەل،

ئەفئالى بىرەۋنەق ــ جەفايى بىبەدەل. مەھبۇبى بىخەرەد ــ كەسەلى بىدەۋا، دۈشمەنى خۇش زەمىر ــ زەئىفى بادەۋا. بەيت:

خىرەد گەرچە ئەدۇ، نادان مەھبۇبىڭدىن ئولدۇر بىھ،
نېچە ئىزھار ئېتەر بۇ نەفس دوستلۇق قايدە رۇھ ئولسۇن.
كۆڭۈل دەئۋاسىدىن ھەر لەھزە ئارتار يۈز جەفا گەرچە،
قاچان سۇد ئەيلەمىش بۇ جەۋردەك ئىبلىس نۇسۇھ ئولسۇن.

— بەس، ئەي خىرەد، زىھى نائىنسابلىقدۇركى، نادان دۈشمەن ئىلكىدە دانا دوستنى ھەلاك قىلۇرسەن، زىھى بىديانەتلىكدۇركى، ئازاد مۇئمىننى كۇفرى ئىشكىگە بەندە بېرۇرسەن. دەھرى ئۇممانى ئاستىدە سەبزۇ سۇرخۇ سىياھۇ سەفىد تاشلارنى ھىرس زۇلالىدە ئاڭلاپ، گەۋھەرۇ جەۋھەر خەيالىدە جاندىن كېچىپ، غەۋۋاس ياڭلىغ غۇتە ئۇرارسەن. ئىلكىڭگە كىرگەنلەرنى نەقدى پۇر بەھا ئەقمدە قىلىپ، ھەۋا دۇكانىدا رەخت ئۇرارسەن. تاڭلا قافىلەئى جان فەنا بازارىدە رىيازەت [83A] نەقدىنى ئىمان گەۋھەرىگە سەۋدا قىلىپ، مۇھەببەت ۋادىسىنى كېزىپ، مەلەكۇل ــ مەۋت شەھرىغە كەلسەلەر، سېنىڭ جان چېكىپ تاپقان مالىڭ نەقدى پۇر بەھا قىلغان خەيالىڭنى بۇ ساراي ئىگەسى بىر دەرەمگە ئالماس؛ بۇ شەرمەندەلىك ۋە رۇ سىياھلىك بىلە بۇ سارايدىن چىقارىپ بۇ قافىلەدىن ئايرىپ، جەفا چاھىغە سالۇر؛ بۇ جەفاكارلار ۋە ئەفتادە ھالالارنى مالىنى ۋە بۇ زەبۇن رۇھ ئەشكەستەئى مەجرۇھ بازەرگانلارنى ئەمۋالىنى ئول ساراي ئىچىدە ھۇجرەئى خاس ئىچرە قويۇپ، خاتىرلەرىنى پاس بىرلە تۇتۇپ، تا پادىشاھى ھەر دو سەرا خەتتى ئازادىلىك بەرگۈنچە. ۋەلىئى خانە ۋە ساھىبى كاشانە خادىملىق قىلۇر؛ ئول بەد ئەندىش ۋە جەفا كىشىنى مالىكى چاھ ۋە بىمېھرى بەدخاھ، ئىلتكەن نەقدىنى ئەزاب ھۇجرەسىدە پىنھان قىلىپ، ئەقۇبەت ئەيۋانىدە مەكان بېرىپ، زۇلم ئىلكىدە نىگاھبانلىق قىلۇر؛ تا قەھھارى زۇلمى كار، جەببارى دىل ئازار، ئەزاب ئىنشاسىنى بۇل تىيرە رۇزگارلار ئىسمى بىلە يازغۇنچە.

بەس، ئەي نارەسايى بىئىدراك، ۋەي نادانى بىباك، بۇ ئەيانى ھال بىلە ۋە بۇ بەيانى ئەھۋال بىلە نېچۈكدۇر فەنانى باقىي دېمەك، ۋە نەفس غەممىنى يېمەك؛ بۇ خاكى مەزەللەت ئالەمدە ھەۋا ئاتىغە مىنىپ جەۋلان قىلمەك [بۇيلە ئەۋۋارە ۋە سەرگەردان؟]⑱⑥ بەيت:

خەتەر ئالەمدە كۆلكۈ ھۇش زايىل بولماغىدىندۇر،
ھەماقەت ئول ئېرۇر، بۇ بىبەقا ئەيشى بىلە مەغرۇر.
سۇرۇرىن [84A] كۆردى كىم قاتىل ئىلىم جەللاد ئىلكىدە،
ئەجەل ئالەمدە كۆر قايسى خىرەد دۇن بىرلەدۇر مەسرۇر.

قىتئە⑱⑦:

چۇن ئەيش بىبەقا كۆرۈنۈپدۇر بەقا بىلە،
كىمنىڭ كۆزىگە پەردەئى غەفلەت ھىجابدۇر.
ئىمانۇ ئەقل مەزھەبۇ مىللەتنى ئىستەمە،
فانىي ئۆيىگە قايسى كۆڭۈل پېچۈتابدۇر.

بەس، ئەي نادان، ئايىنەئى ئەكسى دەريا ئۇزرە قەرار تاپماق، [ئۇمر بادىن]⑱⑧ خەيال ئىلكى بىلە تۇتماق. زىھى نائىنسافلىقدۇر، نىچۈككىم بۇ دەريايى خۇنخار ۋە بۇ ئەۋسافى ناپايىدار ئىچرە مۇھلەك كۆڭۈلدىن ئارام تىلەرسەن؟ زىھى بىدىيانەتلىكدۇركى، ئەجەل جەللادىدىن رەھم ئۈممىدىنى تۇتارسەن. قايسى كۆڭۈل خەتەر ئىچرە ساكىن، قايسى ئۇمر ئەجەل ئىلكىدە باقىي؟ ئانداغ بولسە نادانلىغدۇر، بۇ خەۋپ ئاللىدە ھۇزۇر ئەتمەك، بۇ مەختۇرات بىلە مەغرۇر ئولمەك.

بەس، ھىچ مەخلۇقنى خەتەر ئاللىدە شاد قىلمە، سۇ ئۇزرە ئارام ئالماقدىن پەناھ بەر، بۇ سانسىز ئەقەبەلەردىن نەجاد.

## ھېكايەت

بىر دەرۋىشى ساھىب ئەمۋال بار ئېردى، مۇرادى ھەق يولىنى كەزمەك، ئەمر ئىشىنى تۈزمەك؛ نەھي ئەسبابىنى بۇزمەك. كەرىم ئىشىكىنىڭ مىفتاھى، سەخىي خىرقەسىنىڭ فەتتاھى؛ مەنازىل ۋەيرانەسىنى ئابادى، فەساد بەزمىگاھىنىڭ بەربادى؛ شەرىئەت بوستانىغە گۇل، تەرىقەت باغىستانىغە بۇلبۇل؛ ۋەئىز قۇمرىسىدە ئىيسا نەفەس، مەئرىفەت بەيانىدە تۇتى دەرقەفەس؛ فەنا ئەتراقىدا چۇغز[85A] كىردار، مۇھەببەت كويىدە جەفا بەردار ئېردى.

ئەمما، دۇنياسىدىن كۆڭۈل رىشتەسىنى جىزب خەنجەرىدە ھىممەت ئىلكى بىلە ھەر چەند كەسكەلى قەسد قىلدى، مىھر پەردەسى بۇ شەمشىر يۈزىنى كۇند قىلدى. [مۇھەببەت پەردەسىداقى] خۇرشىد ھەۋا زۇلمەتىنى يارۇتقالى زور ئۇردىكىم، نەفس سەھابى ۋە ئىبلىس شامى پەردە تۇتتى. نەچچە مۇددەت ئۆتتى. بۇ ئارادە زاھىد ئۇ يان ھىممەت ئاتىنى سۇرمەك بىلە، نەفس شەيتان بۇ يان ھىرس سەفىنى قۇرماق بىلە.

ئەلقىسسە، ئىمان جانۋارىغە بۇ دامنى تۈزەتتى، مۇھەببەت بۇلبۇلىغە بۇ زىرائەتدىن دانە سەپتى. ئول گەۋھەرنى بۇ تاش بىلە ئۇشاتتى، ئول بالنى بۇ نار بىلە چۇركەدى، بۇ مال بىلە ئەقل ۋەجھىنى ئال قىلدى. قىتئە:

مىھر ئەغيار زەررە تاب ئەتتى،
بولدى خۇرشىد دىنغە شامى زەۋال.
كەسەلۇ مەرگ يا ئېرۇر ناسۇر،
سىھھەت ئەتمەك چۇ دارۇ بىرلە مەھال.

بەس، بۇ ھەيندە ئەجەل ساقىيسى كاسەئى دەۋرنى بۇ دەرۋىشكە يەتكۇردى، ئۇستادى مەرگ ئۇمر مىئمارىنى بىتكۇردى. قافىلە سەردارى رەختىنى تۇزدى، ھەيات بەزمىنى ئۆسرۆك پەنجەسى بۇزدى. ئىشرەت بوستانىغە غەم خەزانى كەلدى. بۇ دەرۋىشنى ئەجەل زەھرى ۋە شەيتان مەكرى ئانداغ تەڭ قىلدىكى، ئىمان [86A] ھۇزۇرىن ۋە ئىسلام زۇھۇرىن ئۇنۇتتى، مەلەكۇل ـ مەۋت جانىنى قەبز قىلغاچ، ئەزازىل ئىمانىغە چاك سالدى؛ فانىي لەززەتىنى دەپ، باقىي مىھنەتىغە سەزاۋار بولدى. بەيت:

بىر تەركى لەززەت ئەتمەدى كىم بۇ ھەيات ئارا،
سەد داغى لەئنەت ئىچرە گىرىفتار بەئدى مەرگ.

دۇنيا ئېلىگە بىر ـ ئىككى ھەرىس ئەتتى ئۇشبۇ كۈن،
گەر قۇتب بولسە يۈز مىڭ ئەقۇبەتتە جان ئالۇر.

بەس، ئەي نادان، ئىمان گەۋھەرى، مۇھەببەت بالى كىرەكدۇر، ماسەۋانى ئۇنۇت، فەنا كۇنجىنى مەكان تۇت، خەراباد ئەھلىگە ئۆزنى ياۋۇت؛ بازارى جەفادە لەززەت نەقدىنى مىھنەت مەتائىغە سەۋدا قىل، نەفس مۇددىئاسىنى رۇھ ئىددىئاسىغە فىدا بىل؛ ھەۋا قۇشلارىنى ئەجز شەھبازىگە ئالدۇر، ھەۋەس بوستانىنى غەم خەزانىدە بەرھەم بەر؛ شايەد، بۇ بال بىرلە پەرۋاز قىلىپ مەقسەد مەنزىلىغە يەتسەڭ، ئىسلام خەزىنەسىدىن ئىمان گەۋھەرىنى ئالساڭ.

ئىلاھا، بارچە تالىبنى ئول گەۋھەرغە ۋەسل ۋە بۇ بالغە مۇيەسسەر قىل.

**نەسھەتنامەئى [بۇدۇر]**

قۇلاق تۇت، ئەي خىرەد، سۆزدىن رەمۇز ئال،
كى ھەربىر رەمزىنى جان مۇلكىنە سال.
خىرەد ئۇلدۇركى سۆزدىن مەئنە ئالسە،
ئالىپ مەئنى كۆڭۈل گەنجىنە سالسە.
دېسە ھەر كىم ئۆزىنى ئەھلى مەئنى،
سۇلۇكى دەردۇ ھالەت بولسە يەئنى.
قىلۇر ئەۋۋەل فەنا بازارىنى تەي،
جەفاۋۇ جەۋرۇ مىھنەت تالىبى ھەي.
سەۋا ئەيلەر كۆڭۈلنى ماسەۋادىن،
چىقارۇر بەغزۇ [87A] ھەرنە(189) كىينەۋۇ كىن.
مۇھەببەت ئەھلى بىرلە ھەم سەبەقدۇر،
ھەمىشە زىكرۇ فىكرى ئىشقى ھەقدۇر.
قولىن تاپشۇردى ئول كامىل ئېلىگە،
كەمەر خىزمەتنى بەند ئەيلەپ بېلىگە.
ئانىڭ ئەمرىدە يۈگرۈپ چۇستۇ چالاك،
كۆڭۈل زەنگىن قىلىپ زىكرى بىلە پاك.
تەۋازىئ بىرلە ئەيلەپ قەددىنى دال،
ئەدەب يۈزىدىن ئەلنى ئەيلەسە لال.
نىشانە جەبىر تاشىغە قىلىپ جان،
چېكىپ غەم، ئەيلەسە باغرىنى بىريان.
فەلەك جامى بىلە قىلسە جەفا نۇش،
قىلىپ كۆچ بولماسە بىر زەررە خامۇش.
خەتەر تۇفانىدىن تەبرەنمەسە ھېچ،
تەۋەككۈل تاغى بولسە پىچ دەرپىچ.
تەمەئىنىڭ لەززەتىدىن تەلخ ئېتىپ كام،
رىيازەت تۇئمەسىدىن بەرسە ئارام.
تاپۇرسا بىر دەرەم بىر يىلدە، ئەي يار،
كىشىگە ئەيلەمەس بۇ سىرنى ئىزھار.
قىلۇر يارمىن(190) خۇدانى يولىغە سەرف،
دېمەس نەفسى ئۈچۈن ئۆمرىدە بىر ھەرف.
بىرەۋ يۈز تەپسە باشىغە چۇ يەردەك،
تەۋازىئنى قىلۇر ئەلبەتتە بىردەك.
يامانلىق ئەيلەدى قىلغان سارى خۇب،
ئانىڭ كۆڭلىنى قىلماس ئۇشبۇ مەئيۇب.
بىرەۋغە يۈز ۋەفانى قىلدى ئول قۇل،
جەفا يۈز مىڭ تېگەر، ئاچىلدى چۇن گۇل.
خۇدانىڭ ھۆكمىدىن بىر زەررەئى تاش،
قاچان چىققاي ئەگەرچە كەتسە ھەم باش.
بۇ خىسلەتلەر مۇۋاففىق بولسە، ئەي يار،
كۆزۈ كۆڭلىنى دائىم تۇتسە بىيدار.
ھەۋادىن [88A] بولماسە بىر زەررە تەندە،
دېسە بولغاي ئانى ئىمانلى بەندە.
ھۇزۇرى ئەيشدىن بولماسە بىردەم،
ھەمە دەم يار ۋەسلىدىن يېسە غەم.
ئۈمىد ئۇلدۇركى بولسە ئەھلى ئۇششاق،
دېسە شايەد ئىلاھىم ئىشقى مۇشتاق.
جۇنۇن تىغى بىلە جىسمىن قىلىپ چاك،
قىلىبان جىسم ھالەت تۇدەئى خاك.
مۇھەببەت بادىدىن چۇن بولسە بەرباد،
ئانى شايەد قىلۇر ھال ئەھلى دەپ ياد.

ئەمەستۇر بەندەلىك دەئۋاسى ئىنسان،
قىلۇر كىم دەئۋى ئۆزنى قىلدى يەكسان.
مۇھەببەتتىن دەم ئۇردى ھەر قايۇ زاد،
كى زاھىر - باتىنىنى قىلدى بەرباد.
تەرىقەت ئەھلىمەن دەپ ئۇردى كىم دەم،
بۇ دۇنيانى قاچان ئول قىلدى مەھرەم؟
جەھاندا كىمكى تۇتتى زۇھد ئاتىنى،
ئۇشاتتى كۆڭلىدە ھەر نە بۇتىنى.
قىلۇر ھەر كىم بۇ دۇنيا ئىچرە تەقۋا،
ئۆزىدىن ئۆزگەگە كام ئەتمەدى ۋا.
دېدى ھەر كىم تەۋەككۇل ئىچرە مەن تاق،
جەفاۋۇ جەبرغە ئول بولدى مۇشتاق.
كىم ئۆزنى خەيرۇ ئېھسان ئىچرە سالدى،
ئىكى دۇنيادە ئاندىن ئەجر ئالدى.

رىيازەت بەھرىغە ئۇردى ئۆزىن پاك،
كۆرۈندى ئەلگە ئانىڭ دامەنى چاك.
شىكەست ئەتتى ئۆزىن ئەل ئاللىدە كىم،
قاچان پەرق ئەتتى ئول تا زەر بىلە سىم.
تەۋازۇئ بىرلە كىم خۇلق ئەتتى ئىزھار،
ئۆزىن ئول تۇتتى بىل ھەر نەرسەدىن خار.
ئۆزىنى ئەيلەدى ھەر كىم سەھەر خىز،
قىلۇر ئول [89A] خاھىشى نەفسىنى پەرھىز.
قايۇ كۆز گىريەلىك ئالەمدە، ئەي يار،
ۋەلى جەۋرۇ جەفالا بىرلە ئەفگار[191].
دېدى كىم ياخشىلار بىرلە ھەمىشە،
بولۇپ مەن دېسە بولغاي خەير پىشە.
قىلۇر قايسى كۆڭۈل بۇ سۆزنى ئىدراك،
بولۇر ئەلبەتتە ئول قۇل ئاشىقى پاك.

## ئون بەشىنچى فەسل جەھان رەئنالەرىغە كۆڭۈل بەرمەك زىكرىدە[دۇر]

ئەي كۆڭۈل قۇشىنىڭ سەييادى، خەيال مۇرغىنىڭ ئازادى. ئەي خىرەد كىشۋەرىنىڭ شاھى، ۋەي غەم زۇلمەتىنىڭ مىھرۇ ماھى. ئەي ئازادەلىك دەھرىنىڭ چەمەنى، ۋەي ئامادەلىك خەيلىنىڭ ئەنجۇمەنى. ئەي سەبۇك سەيرلەرنىڭ بادى، ۋەي دەھرى تەنابىنىڭ ئازادى. ئەي پاك نىھالى ئەجسادىنىڭ ئابى، ۋەي ساب زەمىرلەرنىڭ دۇررى نايابى. ئەي جەمال لەمئەسىدە خۇرشىد، ۋەي خەيال تەسەۋۋۇرىدە ئائىنەئى دىد؛ ئەي تەفەككۇر ئەھلىدە لاچىن پەرۋاز، ۋەي تەئەسسۇر سۇخۇنىدە ھۇمايۇن ئاغاز: ئانداغ ئىدراك قىلىپ، [ھۇش قۇلاغى بىرلە ئىشتكى][192]، جەھانىنىڭ باشى ھەسرەت، ئاياغى مىھنەت؛ باشى جەفا، ئاياغى بىۋەفا؛ باشى ئەيش ۋە غۇرۇر، ئاياغى جەۋرۇ قۇبۇر. جەھان باشى خاتاۋۇ ۋەبال، ئاياغى جەۋابۇ سوئال. جەھان ئەۋۋەلى خارۇ زار، ئاخىرى ئەتىقۇن مىنەن - نار. جەھان ئەۋۋەلى شاد، ئاخىرى بەرباد؛ جەھان ئەۋۋەلى دىلبەرى با ۋەفا، ئاخىرى دۇشمەنى [90A] پۇرجەفا. جەھان ئەۋۋالى پەرزەندى بەد گۇھەر، ئاخىرى بەلايى زىرى سەر. جەھان ئەۋۋەلى لەززەتى زىبۇ فەر، ئاخىرى تەلخۇ زەققۇمى تەر. [جەھان ئەھلى بىر - بىرگە بىمىھر، بىرلەرىدىن بىرىغە بەد مىھر. جەھان ئەھلى ھەم بىۋەفا، بەرادەرلەرغە زىيادەراق قىلۇرلار جەفا. ئىبرەت كۆزى بىرلە باقماغايلار، ئۆز نەفسلەرىغە ۋە جانلارىغە ئوت ياقغايلار. نىچەند تەرىقە دەغەبازلىق بىرلە دۇنيا يىغىپ، «ۋاھەسراتا!» دەپ، ئەجەل شارابىن مەلەكۇل - مەۋت قولىدىن ئىچىپ، دارۇل - قەرارغە بارىپ، نەدامەت قىلغايلار، سۇد قىلماس][193]. نەزم[194]:

جەھان ئەيشى چۇن لالە، ئەھلى خىرەد،
خەزانى ئەجەل سۇبھى تا بولدى چاشت.

ۋەفا دەھرى بىل كىمگە كىم كەلدى تۇش،

نەمازى پېشىن ئۆردى كۆسى زەۋال.

كۆرۈپ ئەيش كىم دىگەرۇ ۋەختى شام،
كى تا خۇفتەن، ئەي، تەلخ تاپتى قەرار.

ئەي ئەھلى پەرھىز، [ۋەي سۇخەن بادەسىدىن شەككەررىز]⑲⑤؛ جەھان مەئنىسى بىسەبات ۋە بىۋەفادۇر، دۇنيا دېمەكدىن ئەفسۇنگەرى ئەييارى [پۇر مەكرۇ] پۇر جەفادۇر. زاھىدغە خانەئى نەدەم، ئاشىق ئەھلىغە سەھرايى ئەدەم. نى ئۇچۇنكى، ھەمىشە نابۇدلىك كېلۇر، شاھ بولماق بىلە غەمدىن ئەمىن بولماس، گەدا بولماقدىن غەمگە قالماس. دۇنيا بولماق بىلە جەفادىن مەخلەس بولماس، يا دەرۋىشلىكدىن بەلاغا قالماس. كىم كەچتى قۇتۇلدى، كىم بەند بولدى تۇتۇلدى. [كىم قۇتۇلدى كەۋنەينغە ئازادە بولدى.]⑲⑥ بەيت:

كىم بىبەقا ئېلىدىن ئۈلۈپدۇر بەقاغە ۋەسل،
ئوت بىرلە سۇغە مېھر قىلۇر كىم، ھەلاك ئېتەر.
كىمكى ۋەفا قىلۇر ئۆزگە يوق ۋەفاسىكىم،
تىغ ئۆزگە سۇرگەن ئۆزگەنى ئول چاك ـ چاك ئېتەر.

بەس، ۋەفاسىزدىن ۋەفا سورماق — خەزاندىن گۈل تىلەمەك. بەد ئەسلدىن مېھر ئىستەمەك — شىر ئىلكىدە باشىن سىلەمەك. ۋەفاسىز يار — فەسلى بەھار؛ ۋەئدەئى دىلرەبا — تەبئى بىمار. لۇتفى جەۋانان — نازى نادان؛ مەرھەمەتى دۇ دىلان — تەبىبى جاھىلان.

بەس، شاھلىك بىھۇزۇر، دۇنيالىك بىفۇتۇر. زىيبىلىغ بىسەبات، ئابادلىغ [91A] بەرباد. بەھارىدە خەزان، گۈلىدە تىكەن. ئەيشى جەفارىز، لەززەتى تەلخ ئامىز. دوستلارى بىۋەفا، دۇشمەنى پۇر جەفا. قىزلارى ھەيادىن دۇر، خاتۇنلارى كىبر مۇھەببەتىدە مەغرۇر. ھاكىملارى زۇلمپەرۋەر، ۋۇزەرالارى باتىل ئىشلارغە راھبەر. سۆزى بىجۇرم ئەلدە ئەيب دېمەك، ئىشى ئەل مالىنى [زۇلم بىرلە]⑲⑦ يېمەك. قازىئى قۇززاتلارى رىشۋەخار، نەفس ئافەتىدىن ھاكىملارغە خارۇ زار. پۇل بېرىپ مەنسەب ئالماق، پۇل بەرمەسە مەنسەبدىن قالماق. رىشۋە يېگەندىن ھەق ۋە ناھەقنى قىلماس تەمىز، ھەلالۇ هارامدىن يوق پەرھىز. ھەلالدىن پەرھىز قىلۇر، ھەرامنى تېز قىلۇر. ھەم ئۆزى دەئۋاگەر ۋە ھەم قازى، ھاكىملارى مۇنداغ قىلغانىغە رازى. ئۆزى مەھزەر بىتىب ئۆزى ئىشتۇر، نەئۇزبىللاھ، ئىمانلارىدە يوق نۇر. ئەئلەملەرى مۇلازىم پېشە، كۆڭۈللەرى ئەل ئەيبىدىن ئەندىشە. مەنسۇخ راۋىيلارىنى ئەسەھدۇر دېمەك، بىچارە ۋە دەرماندەلەردىن رىشۋە يېمەك. دۇئالارى ئەلدە خۇسۇمەت ۋە فەساد بولسە دەر، شەيتان شەتتەسىدىن نەفس غەمىنى يەر. ئالىملارى بەھس ۋە مۇنازەرە بىرلە ئىشى، ئىچى زەھر زەققۇم، مۇلايىم تاشى. ھەمىشە بۇلاردىن كۆڭۈللەر ئازار، ئۆزلەرى ھەم بىئابرۇ خارۇ زار. خاجەلەرى تەمەئنى قىلۇر پېشە، ئىتدەك يۈرۈرلەر مۇرىدلار ئىشىكىدە ھەمىشە. كىم ئالدىغە كەلسە قول ئالۇر، ئۆزىنى جەھل بىرلە دەۋزەخقە سالۇر. شەيخلەرى زىكرى رىيا، كۆڭۈللەرىدە يوق زىيا؛ تىللارى مەئرىفەت رىز، ھەرامۇ شۇبھەدىن قىلماس پەرھىز؛ ئەل ئاللىدە تەقۋا قىلۇر، زەللەمە نەزرىنى دۇئا بىرلە ئالۇر. دەرۋىشلەرى قەبرلەردە يۈرمەك، كىم ئۆلسە، ئانىڭ نىشانىن كۆرمەك. [غەنىيلەر ئالدىغە]⑲⑧ بىتەكلىف خەيرات⑲⑨ ئۈچۈن بارۇر،

ئەگەر يەتمەسە ھەسرەت ۋە نادامەت بىرلە قالۇر؛ كۆزلەرى ھەيادىن بارىي، يۈزلەرى شەرم ـ ھەيادىن نارى. بەيت:

نەفسۇ شەيتان ئىتى ئېرۇر بۇ گۇرۇھ،
قالدى ھەزرەتدىن ئۇشبۇ نەقلى سەرىھ.
تاڭلا شەيتان بىلە سالۇر ئوتقە،
بۇ رىۋايەت نۇسخەلەردە سەھىھ.
كىمكى بار تابىئى ھەۋاۋۇ نەفس،
كۇفردۇر، قەۋلى بۇ رەسۇلى مەلىھ.

بەس، ئەي جاھىللار، ئىنتىھايى ئەللىك ـ ئاتمىش يىل ئۆمرۈڭنى لەززەتى ئۈچۈن باقىي جەفانى ئالۇرسەن، زىھى بىشەرم، بىئارلىغ! زىھى بىئىنساف، بەد كىردارلىق !

## ھېكايەت

ناگاھ ئىككى جەۋان شەھردىن چىقىپ، ئىلم تەلەبىدە يول يۈرىدىلەر؛ مەنزىل ۋە مەراھىل تەي قىلىپ، بىر مەنزىلغە يەتتىلەر. [ئېرسە] كۆلۈخى ئىستىنجا ئالماق ئۈچۈن يەر قازدىلار. ئېرسە بىر كوزا تىللا چىقتى. ئىكەۋلەرى ئورتاغا قويۇپ تەفەككۇر قىلدىلار. بىرلەرى ئايدى:
ــ زادى راھىلە قىلالى، ئىلم ئوقۇساق دەركار بولۇر، ــ دېدى. يەنە بىرلەرى ئايدى:
ــ دۇنيا نىجىسدۇر، مۇردار قىلۇر، تەقدىر سەرنەۋشدىن ئۆزگە بولماس، خۇدا بار، نە غەم [92A] بار، ــ دەپ نەزەر سالمادى. [يەنە] بىرلەرى:
ــ دۇنيايى بىمىھر نە زىياندۇر، ــ دەپ ئالىپ يولغە رەۋانە بولدى.
بەس، ئىككى يار بىر ـ بىرلەرىگە مۇۋافىق بولماي ئايرىلدىلار، [ئېرسە] بىرلەرى دۇنيانى ئالىپ، شەھرگە كىردى. بىرلەرى مەقسەد ۋادىسىغە پۇيە ئۇردى. بىر نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ، بارۇر ئېردى شەيتان ئالىم سۇرەتىدە بولۇپ ئۇچرادى. ئايدى:
ــ ئەي ئوغلۇم، دۇنيانى نە دەپ ئالمادىڭ؟ ــ دېدى. يىگىت ئايدى:
ــ ئالىپ قايدە قويايۇ؟ ــ دېدى.
ــ بەركىتسەڭ بولماسمۇ؟ ــ دېدى. يىگىت ئايدى:
ــ بەركىتسەم خۇدا [ۋەندى تەئالا ۋەتەقەددەس] كۆرمەسمۇ؟ ــ دېدى. شەيتان ئايدى:
ــ تۇشە قىل.
يىگىت ئايدى:
ــ رازىقۇل ـ ئۇبباد يوقمۇ؟ ــ دېدى. شەيتان ئايدى:
ــ خەير قىل.
يىگىت ئايدى:
ــ رىيا بولۇر، ــ دېدى.
ئەلقىسسە، شەيتان ھەسرەت بىلە كەتتى. يىگىت نەچچە قەدەم يول يۈرۈپ، بىر چەشمەگە يەتتى. ئېرسە ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچرادى مۇلاقات بولدىلار. ئايدىلار:
ــ ئەي ئوغلۇم، دۇنيانى نېگە ئالمادىڭ؟

يىگىت ئايدى:

— ئەي بابا، ئاياغ يۇرمەككە هارسە، تەن ئاغىر كېلىۇر، كۆڭۈلدە دۇنيا بارى بولسە، جان خۇداغە يېتەرمۇ؟ — دېدى. خىزىر ئەلەيهىسسالام:

— رەھمەت ساڭا، — دەپ دۇئا قىلدىلار. يىگىت:

— ئامىن، — دېدى، مەقسەدغە يەتتى.

بۇل دۇنيا بىلە ئاۋارە بولۇپ، نەفس ۋە شەيتان دامىدە [93A] كەتتى.

بەس، ئەي غافىل، بىر دۇنيادىن پەرھىز قىلماقدىن مۇرادىگە يەتسە كىشى، بىر دۇنياغە كۆڭۈل قويماق بىلە بىدىن كەتسە كىشى. ۋاي بەرھالى، ئالەم ئەھلىگەكى، ھەمىشە نەفس تەرەددۇتى بىلە بارۇر. قىتئە:

تابىئى نەفس كىم بولۇر، ئەي يار،
نە ئەجەب ئىتدەك ئۇلسە، بەندى قاياق.
كىم ھەۋاۋۇ ھەۋەس بىلە مەغرۇر،
بىر ئىلكىدە ئاياقۇ بىرىدە تاياق.

### ھېكايەت

ناگاھ، بىر مەھەللىقا پەرىزادقە ئىككى يىگىت ئاشىق بولدىلار. ھۆسن ئىقلىمىدە چۇن مىھىر ئېردى، بۇ ئىككى ئاشىق فىراقىدە زەررەدەك سەرگەردان بولدى.

ئەلقىسسە، بۇ بىچارەلەر بۇ بەندكە كۇشاد، بۇ دامدىن ئازاد تاپمادى، بۇ نۇكتەگە ھەل ۋە بۇ ۋاقەئەگە تەئبىر تاپمادى. ناچار كىشى ئىبەردىلەر. ئېرسە ئايدىكى، نەزم:

ياكى زەر ياكى مەي بۇ نۇكتەگە ھەل،
ياكى تەئبىر ۋاقەئەئى چۇن ئەجەل.
زەر قىزى بىرلە قىز بولۇر ھاسىل،
يا بولۇر جامى مەي بىلە ۋاسىل.

[بەس]، بۇ مەزمۇن بىلە بىرى دەريالاردا گەۋاھىر ۋە سۇتۇنلاردا جەۋاھىرنى ئالماق بىلە مەشغۇل بولدى. يەنە بىرى خانۇماندىن كېچىپ شەۋق شەرابىنى ئىچىپ، ئىبادەتغە قەدەم ئۇردى. بۇ سەفەتدە ئۇن يىل ئۆمر كەچۈردىلەر.

بىرى گەۋاھىر ۋە جەۋاھىر تىللانى ئالىپ يولغە رەۋانە بولدى؛ شەھرنىڭ كەنارەسىغە يەتتى. ئېرسە، شەيتان ئۇل قىز سۇرەتىدە يولغە ئۇترۇ چىقتى، ئايدى:

— ئەي يىگىت، ئۇن يىلدۇر، سېنىڭ ئىشتىياقىڭ كۆيىدۇرۇپ كۇل قىلدى. نە ئۇچۇنكى، مېنى دەپ دەشتۇ سەھرالاردە ئاۋارە ۋە بىخانۇمان [94A] يۇرۇرسەن؟ شۇكرى لىللاھكى، مۇرادىمىزغە يەتتۇك، — دەپ بىر كەنارەغە باشلادى. يىگىت بۇ خۇشۋەقتلىغدىن گاھ ئۆزىنى بىلۇر، گاھى ئۆزىدىن بارۇر.

ئەلقىسسە، دۇنيا غۇرۇرى ئەيش سۇرۇرىدىن دىنۇ مەزھەبدىن تاش قەدەم ئۇردى. ئۇل كەنارەدە نەچچە قەتتائۇت - تەرىق بار ئېردى، بۇ يىگىتنى تۇتتىلار. بىر ئىلكىدە مال، بىر ئىلكىدە ساھىبجەمال، ئىككى ئىلكىن كېسىپ ئۆلتۇردىلەر. مال ھەم جان ۋە ھەم ئىماندىن جۇدا بولدى. بەيت:

كىمكى دۇنيا بىلە يەتتىلەر مەقسۇد،
نې ئەجەب بولسە ئاخىرى مەھرۇم.
ھەرسى دۇنياغە كىم بولۇر مەغرۇر،
ئەقلۇ ئىمانى ئاقىبەت مەئدۇم.

بەس، ئەي پاكىزە زەمىر، ئول ساھىبجامالدىن مۇراد مەھبۇبدۇر. ئىككى ئاشىق بىرى ئەقلۇ ئىمان، بىرى نەفسۇ شەيتان. ئەقل ئايتۇر: «ۋەسلىنى ئىستەسەڭ بارچەدىن كەچ.» نەفس ئايتۇر: «دۇنيا بىلە مەقسەدغە يەت». كىم بارچەدىن كەچتى، شەيتان ئىلكىدىن ئىمان جەۋھەرىنى قۇتقارىپ، ئول يىگىتدەك مۇرادىغە يەتتى. كىم دۇنيا بىلە مەقسەد مەنزىلىغە قەدەم ئۇردى، بۇ نادانەدەك نەفس ئىلكىدە جانۇ ئىمانى كەتتى.

ئول يىگىتى بىچارەدىن سۆز ئىشتىڭكىم، ھىجران كۇلبەسىدە فەنا مەلبۇسىن كىيىپ، غەم تۇئمەسىنى يەپ، رىيازەت ئۇلفەتى بىلە ئولتۇرۇپ ئېردى، شەيتان ئول يار سۇرەتىدە ۋە ئاشىق سىيرەتىدە كىرىپ سەلام قىلدى. ئۇ يان، بۇ يان [95A] باقارغە مەجالى يوق ئېردى. شەيتان سارى باقمادى. ئايدى:

— ئەي يىگىت، نە تالىبسەن، مەتلۇبىڭ نەدۇر؟ نە ھاجەت بىرلە ئولتۇرۇرسەن؟ ئايغىل، ھاجەتىڭنى رەۋا قىلاي، — دېدى. يىگىت ئايدى:

— ئەي نادان، [ئەجەب سۆز ئايتۇرسەن][201]، شاھ ئەرزىڭنى بىلسە، نەھاجەت داد؛ مەتلۇب سەمىئ بولسە، نەدۇر تالىبغە فىغانۇ فەرياد، سەن نە سورارسەن؟ — دېدى. شەيتان ئايدى:

— ئول يىگىت دۇنيا تاپىپ، پەرى چېھرەنى ئالدى، مۇرادىغە يەتتى، سەن نامۇراد بولدۇڭ، — دېدى. يىگىت ئايدى:

— ئول دۇنيا تاپىپ مۇرادىغە يەتسە، مەن دۇنيا بىلە تىلەر مەقسۇدىم يوق، — دېدى.

ئېرسە شەيتان نەۋمىد بولۇپياندى.

مۇسەببەبۇل - ئەسباب لۇتفۇ كەرەم قىلدى. ئول كېچە پادىشاھ تۇش كۆرۈر، قىيامەت بولۇپدۇر، ئەزاب پەرىشتەلەرى دەۋزەخ تەرەفىگە پادىشاھنى رەۋانە قىلدى. بۇ ھالدا ئول يىگىت پەيدا بولۇپ كېلىپ، پادىشاھنى ئىلىكلەپ، پەرىشتەلەر قولىدىن قۇتقاردى، [بىھىشتى ئەنبەر سىرىشتىگە كىرگۈزدى][202]. بەيانى ھال قىلدىلار. پادىشاھ بۇ ھالدا ئۇيقۇدىن بىدار بولدى، گويا يۈرەكى بەرگى بىددەك تىترەدى[203]. [تاڭ ئاتتى][204]. ئېرسە ئول يىگىتنى چىللاتتى. ئۆتكەن ۋاقەئەنى بىر - بىر بەيان قىلدى. بۇ يىگىت ھەم سىرلارىنى بىر - بىر ئاچتى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ خەزىنە ۋە دەفىنەلەرىنىڭ مىفتاھىنى بۇ يىگىتكە تاپشۇردى. ئول پەرى چېھرەنى يۈز مىڭ ئارزۇلار[96A] بىلە ئالىپ مۇرادىغە يەتتى. ئىلاھا، بارچەنى دۇنيادىن كەچۈرۈپ، شەۋق شەرابىنى ئىچۈرۈپ، نەفسۇ شەيتان دامىدىن قۇتقارىپ، مەقسەد مەنزىلىغە يەتكۈر، ئامىن، يا رەببىل - ئالەمىن. نەزم:

ۋەفاسىز دۇنيادىن ئەيلەي شىكايەت، تاپۇپدۇرمۇ[205] كېزىپ ئالەمدە بىداغ.
قۇلاق سالىپ ئىشىت ئۇشبۇ ھېكايەت. بەرادەرلەر، بۇ ھەسرەتخانەئىدۇر،
ۋەفا ئىستەپ نەچە تاپتى جەفانى، كى ھەربىر دىلدا بىر جەنانەئىدۇر.
كۆرۈڭ، كىم تاپتى قىلغان مۇددەئانى. يېتەلمەس مەقسەدىغە بۇ ئوچۇندە،
ھەمەنىڭ كۆڭلىدە بىر ھەسرەتۇ داغ، نە ئىش ھاسىل بولۇر بىر كېچە - كۈندە.

نۇر كىتاب بىكىتى nurkitap.com



نە خۇبلار قان يۇتۇپ ئۆتتى جەھاندىن،
كۆرۈڭلەر، قالدى كىم ياخشى - ياماندىن.
ئەجەلنىڭ ساقىيسىدىن بارچەدۇر مەست،
يامان ياخشى نە بالا [نە] قالۇر پەست.
ھەمە پەيغەمبەرانۇ تاجى ئادەم،
چېكىپ مېھنەتنى يۈز مىڭ ئۆتتى ماتەم.
بىرىسى كۆرمەدى دۇنيادا راھەت،
جەفاۋۇ جەبر بىرلە تارتتى كۇلفەت.
تەفەككۇر ئەيلە ئانداغ مۇستەفانى،
يەتىملىك بىرلە كۆپ چەكتى جەفانى.
قاچىپ ئول مەككەدىن، كەلدى مەدىنە،
قىلىپ كافەرلەر ئانگا كىبرۇ كىينە.[97A]
نېچۈك ئول خارۇ زارۇ تەشنە بولدى،
مۇبارەك كۆڭلى، دوستلار، قانغە تولدى.
نە ئىشلار سالدى كافەرلەر باشىغە،
سوروپ ھال بىر كىشى كەلمەس قاشىغە.
غەرىبلىك دەردى بىرلە يىغلادى زار،
ئۆمەرنى قىلدى ھەق لۇتف ئەيلەبان يار.
مۇھەممەد بىرلە بەكر ئېردى غەرىب ھال،
ئۆمەر بولغاچ مۇسۇلمان، ئاچتى چۈن(206) بال.
خۇداغە شۈكرىلەر قىلدى ئۇچاۋلان،
ئەلى بىرلە مۇسۇلمان بولدى ئوسمان.
بۇ تۆرت يارى بىلە ئول مەئدەنى نۇر،
بۇ ئىمان مېھرىنى چۈن قىلدى مەزھۇر.
كۆرۈڭ ئىبراھىم ئاتلىغ ماھى تابان،
كى يەتتى ياشتا باردى سۇيى جانان.
ئانىڭدىن سوڭرە كەتتى شەمسى ئەنۋەر،
قىلۇر ئېردى جەھان نۇرى مۇنەۋۋەر.
ئانىڭدەك مېھر ئىلە ماھ ئولدىلار شام،
كى بىزگە قايدەدۇر بۇ تۈندە ئارام.
ئالاردىن سوڭ كۆرۈڭ ئول شاھى كەۋنەين،
ئانىڭ ئەۋسافى ئېردى «قابە قەۋسەين».
چىقىپ مىئراج ئۈزە ۋەسل ئولدى جانان،
بولۇپ ئول دەۋزەخۇ جەننەتكە دەۋران.
ئانىڭدەك بەھرنى خۇشك ئەتتى جەببار،
قىلۇر ئول بارنى يوق، يوقنى قىلۇر بار.
ئالاردىن سوڭرە بىر - بىر تۈتتىلار يول،
ئالار بارىدە بوستان ئېردى ھەر چۆل.[98A]
بۇ تۆرتى گوييا ئىمان ئېلىدە
ئانەسۇردەك ئىدى ئادەم تېنىدە.
بولار يا قەلئەئى دىن ئېردى گويا،
قانى كەتتى بۇلار، ۋاھەسرەتا، ۋا!
يېيىپ شەھزادەلەرغە ئۇشبۇ سەۋدا،
كىم ئول گۈل ھەسرەتى كۆكسىدە خارا.
ھەسەن بىرلە ھۇسەين خۇرشىد ئىلە ماھ،
ئالار ئېردى ھەمە ئالەمغە دىلخاھ.
سەھابى زەھردىن چۈن بولدى تىيرە،
پاتىپ بۇ مېھر، ئالەم بولدى خىيرە.
ھۇسەين چۈن بولدى ئول كۈن قانغە غەرقاب،
شەفەقغە پاتتى گويا ئەسىرۇ(207) مەھتاب.
بۇلاردەك ئافتابى ماھ پەيكەر،
فەلەك قىلدى كۆرۈڭ يەر بىرلە يەكسەر.
جەفانى چەكتىلەر كافەر قولىدە،
بۇلاردەك بولدى كىم ئالەم ئېلىدە؟
يەسىر قىلدى ھەمە مەھپارەلەرنى،
جەفاۋۇ زۇلم ئېتىپ بىچارەلەرنى.
نېچۈك قۇدرەت نەمالىغدۇر بۇ ئىشلەر،
ئۈزىدىن ئۆزگەنى سۆيمەك دېمىشلەر.
نەچە خۇبلارنى دۇنيا قىلدى ۋەيران،
قانى، كەتتى بولۇپ يەر بىرلە يەكسان.
غەرەز بۇ فانىيغە دىل بەرمە، ئەي يار،
قىلۇر بىر كۈن سېنى بۇ(208) زارۇ ئەفگار.
ئەگەرچە بولسە سەندە جامى جەمشىد،
كى مەشرىق تا بە مەغرىب ساھىبى دىد.[99A]
بۇ كۆزنىڭ كاسەسى تۇپراغ ئىلە پۇر
بولۇر، دۇنياغە بولمە ئەمدى مەغرۇر.
ئەگەر ئايىنەئى ئىسكەندەر ئولسە،
ھەمە ئالەم سېنىڭ ئالدىڭدە بولسە.
بولۇر بىر كۈن ئەجەل زەنگارىدىن كور،
بۇ تۇپراغدىن قىلۇر ئەيبىڭنى مەستدۇر.
سۇلەيماندەك يۈرتسەڭ باد ئىلە تەخت،
ۋەيا نۇشىرۋاندەك بولسە بۇ بەخت.
قىلۇر تاراج ئاخىر لەشكەرى مەرگ،
خەزان كەلگەن مەسەللىك نەخلى بىبەرگ.

قانى ئۆتكەن ھەممە شاھى جەھاندار،
ئەجەل ئۇيقۇسىدىن بولمادى بىيدار.
ھەممە مىرزادەۋۇ ئازادە قانى،
بۇ يەر ئاستىدە پىنھان جىسمۇ جانى.
يۈزى گۈل، ساچى سۈنبۈل دىلرەبالار،
قەدى شەمشادۇ خۇشرەۋ مەھلىقالار؛
سەدەفدەك يۇتتى يەر گەۋھەر تېنىنى،
ئەزاب ئىچرە سالىب نازۇك جانىنى.
لەبى شەككەر، سۆزى شەھد نازەنىنلەر،
تىشى دۇردانە ياڭلىغ مەھ جەبىنلەر؛
خەزانى مەرگدىن چۇن بولدى ۋەيران،
بولۇر بۇ بىۋەفادىن بارچە ھەيران.
نەچە ئىشق ئەھلىنى ھىجرانغە سالدى،
نەچە مەئشۇقلار جانىنى ئالدى.
ئەزىز جاندىن چۇچۇك، دوستلار، نى بولدى،
باغىر قان تەلمۇرۇپ يوللاردە قالدى⑳⑨.[100A]
جۇدا قىلدى بىراۋنى زىندە دەۋران،
كەچۇردى ئۇمرىنى غەمدىن يۇتۇپ قان.
ئوغۇلدىن ئاتەنى ئايىردى بۇ دۇن،
ئەلفدەك قامەتىنى قىلدى چۇن نۇن.
نەچە مەستۇرە قىزلارنى ئانادىن
ئايىردى بۇ فەلەك جەبرۇ جەفادىن.
كۆرۈڭ، دوستلار، بۇ دۇنيانى ئىشىنى،
سالۇر غۇربەت ئۆيىگە ھەر كىشىنى.
ئەگەر ئاقىل ئېسەڭ، بەرمە كۆڭۈلنى،
خۇداغە سال ھەمىشە جۇززۇ كۇلنى.
ۋەفاۋۇ ئەيش كىم كۆردى جەھاندە،
بەھار ئۇلسە بۇ كۇن تاڭلا خەزاندە.
بەقا راھەتنى نەفس ئەيشىڭغە ساتمە،
چىق ئىسيان لايىدىن، ئۆلگۇنچە ياتمە.
بۇ سۆزلەرنى قۇلاققە ئال، ئايا يار،
بۇ غەفلەتدىن كۆزۈڭنى ئەيلە بىيدار.
بەقا ئەيشىغە بەرگىل راھەتى دۇن،
مۇھەببەت يولىدە بول ئەمدى مەجنۇن.
ئەگەر ئىچسەڭ ھەيات ئابىنى، ئەي يار،
ئەجەلنىڭ شەربەتىدۇر ئاخىرى كار.
كۆرەرسەن ياكى ئۇمرى ھەزرەتى نۇھ،
بولۇرسەن بۇ ئەجەل ئىلكىدە مەجرۇھ.
قوپ ئەمدى ئۇيقۇدىن، يىغلا خۇداغە،
تەزەررۇئ بىرلە مەشغۇل بول دۇئاغە.
بىلۇرمۇسەن بۇ ئالەمنى كىم ئەتتى،
تەفەككۇر ئەيلە، بارچە قايدە كەتتى؟ [101A]
بارۇرسەن بىر كۇنى كەلگەن يېرىڭگە،
ئۆزىدىن ئۆزگە كىم لۇتف ئەتسە سەنگە.
قارا، سانسىز خەتەرلەر ئۇشبۇ يولدە،
تۇرۇر دوزۇ قاراقچى ئوڭۇ سولدە.
ئالىپ ھىممەت ئەساسىن يولغە كىر تېز،
ۋەفاسىز دۇنيادىن تېز ئەيلە پەرھىز.
تەۋەككۇل بالى بىرلە ئەيلە پەرۋاز،
ئۇچۇپ يەت جايى مەقسەد قىشۇ ھەم ياز.
تىلىڭنى زىكرىدە ئەيلە ھەمىشە،
يامانلىق قىلسە كىم، قىل ياخشى پىشە.
تۇتۇپ جانۇ دىلىڭنى دائىما تۇز،
كى تاڭلا بولمە مەھشەر ئەھلىغە سۆز.
مېنىڭ پەندىمنى ئال زىنھارۇ زىنھار،
كۆڭۈل بەرمە جەھانغە، بولمە ئازار.

## ئون ئالتىنچى فەسل جەھان بىۋەفالىقىنىڭ زىكرىدە

جەھان بازاردۇر، دۇكانى بىھەد، سەۋداسى بىئەدەد؛ مەتائىدىن خەتا يېمەك ــ سۆزى بالاۋۇ پەس دېمەك. دەللالى ئۇمر نەقدىنى ئالۇر، ئانىڭ مىھر بىلە ئۇمر ئۆتكەنىنى تۇيماي قالۇر. دۇنيا زىيبا تەلئەت قىزدۇر، ئانىڭ ئىشقى ئەلگە سىتەمىزدۇر؛ نازى ئەلنى غەمكىن قىلماق، پەردازى [رەڭ ۋە] فەرىبنى بىلماق. بىرەۋغە مىھر بىرلە جىلۋەساز، يەنە بىرغە لۇتفى بىرلە خولق ئاغاز؛ بىرەۋغە مىھر كۆرسەتىپ ھىجرانغە سالۇر، يەنە بىرەۋنى زۇلم بىرلە قوينىغە ئالۇر؛ بىرەۋ كۆڭلىنى[102A] تۇزماق،

بىرەۋ مۈلكىنى بۇزماق؛ بىرەۋ ئىشقى بىلە بىقەرار، بىرەۋ فىراقىدە تەشنەۋۇ زار؛ بىرەۋ دەردى بىلە ھەلاك، بىرەۋ راھەتى بىلە پاك؛ بىرەۋ ۋەسلىدىن شادمان، بىرەۋ ھەجرىدە يۈتتى قان؛ بىرەۋنى ئۆكسۇتۇر زار - زار، بىرەۋغە بولۇر دىلفىگار؛ بىرەۋغە تويغىچە نان بەرمەر بۇ دۇن، بىرەۋغە نىئمەتى بىھىساب كىچەۋۇ كۈن[210]. بىرەۋ ئىگنىدە پارچە يىرتۇق چافان، بىرەۋ ئۈستىدە ئەتلەسى زەرفىشان. بىرەۋ ئىززەتۇ ئەيش ئىلە شادمان، بىرەۋ مىھنەتۇ غەم بىلە كۆكسى قان. نەزم[211]:

بىرەۋ بولسە جەھاندا شاھى دەۋران،
گەدا بولسە بىرەۋ بىسەرۇ سامان.
[ئەجەلنىڭ شەربەتىغە ھەر ئىكەۋ مەست،
كى بولماس بىرىسى بالا، بىرى پەست][212].
بىرەۋنى قىلدى ئەيشۇ ئىززەتۇ ناز،
بىرەۋنى دەردۇ مىھنەت بىرلە دەمساز.
قارا يەر ئاستىدە ھەر ئىككىسى خاك،
بىرى يەردە بىرىسى بولماس ئەفلاك.
بىرەۋ تولدۇردى زەردىن خەزنەلەرنى،
ياسادى كوچەۋۇ كوي ئۆيلە دەرنى.
بىرەۋ ئۆمر ئۆتكەرىپ تاپماي قاشۇق ئاش،
ياتىپ ۋەيرانەلەردە، باشىدە تاش.

بۇ جاننىڭ ئاچچىغىن تارتقاچ ئىككى يار،
بولۇر بىر - بىردىن ئەفزۇن جانى ئازار.
بىرەۋ دۇنيادا ھەر مەقسەدغە يەتتى،
نە كار ئەتسە ئانىڭ ھەر كارى بىتتى.
بىرەۋ بىر ئاززۇ قىلسە بەيەك بار،
يېتەر ئول ئاززۇدىن دەردۇ ئازار.
بىرۇردە جانى شىرىن ئىككى ئادەم،[103A]
ئۇنۇتتى ھەر ئىكىسى ئىشرەتۇ غەم.
بولۇرمۇ كۈندۈز ئەيشىڭ، ئەي خىرەد كەچ.
غەرەز بۇ بىۋەفانىڭ ئاخىرى ھېچ؛
ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ، كەچ بىۋەفادىن،
ئەزىز جانىڭنى قۇتقاز بۇ جەفادىن.

## ھېكايەت

ناگاھ، فەلەكى غەددار، نافايىدار ئايلانىپ جەفا تاشىن ياغدۇردى؛ بىر ساھىبجەمال، شىرىن سۇخەن، يۈزىدە مۇھەببەت شەمئىنى ياندۇردى؛ نۇتقىدىن گۈل ئاچىلماق بىلە، لىسانىدىن دۇر ساچىلماق بىلە؛ زۇلفى ئەنبەر ئەفشان، ئەل كۆڭلىنى قىلماق پەرىشان؛ قەددى سەرۋى، خىرامى تاۋۇس؛ قاشى ھىلال، كۆزى غىزال؛ تەبەسسۇمىدە گۈل تۆكۈلۈر، لەئلىدە غۇنچە سۆكۈلۈر. ئانداغ پەرىۋەش ئىشق بازارىغە ئۆزىن سالدى، فەنا دۇكانىدە ۋەسل مەتائىيغە جان نەقدىن ئالدى.

ئەلقىسسە، ئول نازەنىن ۋىسالىغە، ئول دىلرەبا جەمالىغە بىر شاھبازى جانگۇداز، ئەلا پەرۋاز؛ كۆزى ياش، كۆكسى ئەلەم، رەفىقى غەم، ھەمدەمى ستەم؛ جىسمى ئەل جەبرىدىن يارە، كۆڭلى فەلەك تاشىدىن پارە؛ ئول مەتائغە خەرىدار بولدى. نەچچە يىل ھەرنە بۇدىنى سەرف قىلدى. تەگرۇ كەلمەدى. گاھ ۋەسل بېرۇر، گاھ ھىجرانغا سالۇر؛ گاھى ئۈمىدىن ئۈزمەك ۋە گاھى ۋەئدەسىن تۇزمەك؛ گاھى مۇھەببەت قىلۇر ۋە گاھى جۇدالىق سالۇر، گاھى رىندلىق رەزمىدە، گاھى دىۋانەلىغ بەزمىدە؛ گاھى ئەفسۇنساز، [104A] گاھى سىھر ئاغاز؛ گاھى مەھبۇب، گاھى مەئيۇب ئۆمر ئۆتكەردى. يا دوستلۇق بىلە قىلمادى شاد، ۋە يادۇشمەنلىغدىن[213] بەرمەدى بەرباد. قىتئە:

دوستلۇق - دۇشمەنلىغىن ھەر يار ئىزھار ئەيلەمەس،
نې ئەجەب ئوت بىرلە سۇدەك ئاخىرى قىلسە ھەلاك.

كۆرسەتىپ مەھبۇبلىق پاش ئەتتى دۈشمەنلىق نىشان،
چۈن تەبىيىبدۇر مۇئالىج ئەيلەبان قىلغايكى چاك.

بەس، بۇ بىچارەئى ناتەۋان زار ـ زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ ئەرزى غەرىبانە، ئەھۋالى مۇشتاقانە سۆز ئايتۇركى، نەزم[21]:

ئەي جىلۋەئى جەمالىڭ، بوستانى نەۋ بەھارى،
جان مۇرغى فەسلى گۈلزار ھەر سۇبھى نالە ـ زارى.
جانىمغە ئوتنى سالدىڭ، يۈز جىلۋە بىرلە، ئەي يار،
ئاخىر دەمىندە نېدۇر قىلماغلىق ئىنتىزارى؟
ئەۋۋەلدە ۋەئدەڭ ئېردى: كەۋنەين ئارا ۋەفالىق،
جانى ۋەفا ئۇشاتتى بۇ تاشى دىل فىگارى.
دېدىڭ: رەقىب بولماس بوستانى ۋەسلىم ئىچرە،
قىلدى ھەلاك جىسمىم ئاخىردا زەخم كارى.

دەپ ئەرز قىلدى. ئېرسە، ئايدى:

— ئەي نادان، مېنى بىلۇرمۇسەنكى، ئادەم ئىشرەت مەنزىلىدىن غۇربەت ۋادىسىغە يۈزلەندى. ھەۋۋا ھەزەر قىلماغاندىن ئۆز قانىغە بۇلغاندى. يەئقۇبغە ئەرمان، يۈسۇفكە زىندان؛ ئەييۇبنى زار، سۇلەيماننى خار؛ نۇھغە توفان، مۇسانى [105A] بىسەرۇ سامان؛ جىرجىسنى ھەلاك، ئىدرىسنى چاك؛ يۇنۇسنى قۇت، ئىبراھىمنى نابۇد؛ ئىسمائىلنى قۇربان، خەلىلنى ھەيران؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ئۆكسۈگ بىلە ئەفگار، فاتىمەنى غەرىبلىكدىن ئازار؛ يارلارنى قەتل ئەغيار، ئىماملارنى زارۇ ئەفگار؛ شاھلار تەختىنى بەرباد، خۇبلار كۆڭلىنى ناشاد؛ ئابادلار[نى] بۇزغۇچى، نابۇدلار تۈزغۇچى؛ مەندۇرمەن ناسۇرى بىدەۋا، جەھانى بىۋەفا، — دېدى.

ئېرسە كۆرەركىم، ئۆمر نەقدى تەمام بولۇپدۇر، شەباب غۇنچەسى پۇر خەزانىدە تۆكۈلۈپدۇر. بۇ ھەينىدە مەلەكۇل ـ مەۋت سەباسى پەيغامى جانان كەلتۈرۈپ ئايدىكى:

— مەئشۇقى ئەزەل، ۋەفادارى لەمىيەزەل؛ ئىنئامى ئەقلۇ ئىمان بەرگەن، ئېھسانى جىسمى جان تۈزگەن؛ ۋىسالى بىمىسال، ئىشرەتى لايەزالغە تەرغىب ۋە تەكلىف قىلادۇركى: «ئەي جەھاندىن كەچكەن، ۋەي مېھنەت شەرابىنى ئىچكەن؛ ئەي فەنا كوينىنىڭ سەرگەردانى، ۋەي جەفا جىسمىنىڭ جانى؛ ئەي ئەمرىمنى تۇتقان، ۋەي ۋەئدەمگە يەتكەن؛ ئەي دۇنيا لەززەتىدىن ئۆتكەن، ۋەي نەفس مەتلۇبىدىن كەتكەن» دەپ خەبەر بېرۇر. ئول ھالدە بۇ ھالغە لايىق ۋە ئەۋسافغە مۇۋافىق بولسە، جان بۇلبۇلى بىتاقەت بولۇپ، قەفەسدىن چىققالى پەرۋاز قىلغاي. يوق بولسە،[106A] نەدامەت بىلە فەريادۇ فىغان قىلىپ، قەفەسدىن چىقماس. غەزەب پەرىشتەلەرى يۈز مىڭ ئەقۇبەتلەر بىلە تەندىن جۇدا قىلۇر، يۈز مىڭ ھەسرەت ۋە نەدامەت بىلە ۋە سانىسىز ئەپسۇس پۇشەيمان بىلە: «رەببەنا زەلەمنا ئەنفۇسەنا» دەپ جەفا مەنزىلىغە قەدەم ئۇرار. بۇ ھالدە كۆڭۈل ئالدۇرغان يارى — دۇنيايى دۇن ۋە ئەيش سۇرۇرىغە مەغرۇر قىلغان نىلگۇن گەردۇن؛ يۈز مىڭ ئارام ۋە راھەت بەرگەن تەن، بىھەد ئىززەتۇ ئىكرام قىلغان نەفس، ئەزىز جاننى فىدا قىلغان پەرزەندۇ روزگار، كۆز ئۇچىدە ئاسىراغان مالۇ ئەمۋال بىرىسى دەستگىرلىك قىلماس، سەرزەنىش ۋە تەمەسخۇرلىك قىلۇر:

— ئەي نادان، بۇ ھالىڭ، بۇ ئەھۋالىڭغە باقماساڭ، شەرمۇ ھەيا پەردەسىنى يۈزگە ياپماساڭ، زىھى

بىشەرم، بەدكىردارلىق، زىھى بەدخۇي ۋە بىمارلىق! قىتئە:

قەبل ئەز ۋۇقۇئ ئەيلە ئىلاجىڭنى، ئەي ھەكىم،
گەر ۋاقىئ ئولسە رەنج، مۇئالىج نەدۇر سۇد؟
قەتئى ھەۋاۋۇ نەفسۇ ھەياتى شەبابلىك،
بەئد ئەز شۇيۇخى باد⑮ ئىبادات ئۇيلە سۇجۇد.

## ھېكايەت

بىر دانايى بىنەزىر ۋە نۇكتەدانى پاك زەمىر تەسەۋۋۇر قىلدىكى، جەھانى بىۋەفادە ھېچ ۋەفا تاپۇلۇرمۇ، بۇ خانەئى بىبەقادىن ھېچ بەقا كېلۇرمۇ؟ دەپ. جەھان ئىچرە ۋەفا [107A] — تەركىي جەھان، بۇ بىبەقادە بەقا — بىخانۇمان زاھىر بولدى. ھەر چەند مۇلاھىزە قىلدى مۇندىن بۆلەك ۋەفا بىلە بەقانى تاپمادى. ناگاھ دۇنيا قىزى ھەۋا سۇرمەسىنى كۆزىگە قويۇپ، ھەۋەس قاشلىقىنى قاشىگە تارتىپ، ھىرس ئەڭلىكىنى يۈزىگە سۈرتۈپ، لەززەت مەلبۇسىنى ئىگنىگە سالىپ، مىھر تاجىنى باشىغە سانجىپ، ئەيش كەفشىنى ئاياغىغە كىيىپ يۈز جىلۋە، ھەر جىلۋەدە مىڭ فۇسۇن بىلە ئالدىغە كەلدى، ئايدى:

— ئەي يىگىت، مېنى تانۇرمۇسەن؟ — دېدى. يىگىت ئايدى:

— [سېنى] تانۇماسمەن، — دېدى. ئايدى:

— مەن ۋەفا بوستانىنىڭ گۈلى، بەقا چەمەنىنىڭ بۇلبۇلى، مەندىن ھەم سۆزى، ھەم ئۆزى، مەنزىلى ئۇقبا، شەرتى تائەتۇ تەقۋا ھاسىل بولۇر، — دېدى يەنە، — ئەگەر ۋەفانى ئىزلەسەڭ مېنى قەبۇل قىل، — دېدى. يىگىت ئايدى:

— ئاتىڭ نە تۇرۇر، نېچۈك ۋەفا قىلۇرسەن؟ بەيان قىل، — دېدى. ئايدى:

— ئاتىم دۇنيادۇر، غەرىبلەرنىڭ كۆڭلى مەن بىرلە ئاۋلانۇر، كىمگە ئۆزى كېرەك؛ مېنىڭ بىرلە ئىلىم ھاسىل بولۇر، سۆزى كېرەك. رىزۋان كېرەك بولسە خەير قىل. تائەتۇ تەقۋا ۋە ئىبادەت بىلمباس ۋە بىقۇت بولۇرمۇ؟ — دېدى. يىگىت ئايدى:

— ھېچ كىشىگە دۇنيا ۋەفا قىلىپدۇرمۇ، ماڭا ۋەفا قىلغالى؟ — دېدى. دۇنيا ئايدى:

— كىم ماڭا ئالەمدە ۋەفا قىلدى، مەن ئاڭا جەفا قىلدىم، بىرەۋ ماڭا ۋەفا قىلماسە، مەن ئاڭا نېچۈك ۋەفا قىلاي، — دېدى.

شەيتان كۆڭلىگە چا بولۇپ ئايدىكى: «راست ئايتادۇر نە چۈنكى، پەرۋەردىگارى ئالەمگە ھەم شۇنداغدۇر كىم [108A] بەندەلىكنى بەرجا كەلتۇرسە سۆيەر، يوق بولسە ئىتاب قىلۇر» دېدى. يىگىت ئايدى:

— پىر بولۇرمۇسەن؟

دۇنيا ئايدى:

— يوق.

— جەۋان بولۇرمۇسەن؟

دۇنيا ئايدى:

— ھەمىشە بىردەك بەھار، ھەمىشە بىردەك بەرقەرار، — دېدى. ئېرسە يىگىتكە شەۋقى غالىب

بولدى، قۇچاق قىلىپ يۈزىدىن بىر بۆسە ئالدى. شەيتان ئانىڭ يۈزىدە ئۆزىنى جا قىلىپ ئىردى، ئاغزىدە جا ئالدى، كۆڭلىنى غەلەبە قىلا باشلادى. قىزنى ئىلكىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئالىپ باردى. شەيتان قىز سۈرەتىدە، مەھبۇب سىيرەتىدە، كېچە قوينىدە ۋە كۈندۈز ئۆيىدە نەچچە كۈن بۇ مەراتىبدە يۈردى. ئىرسە بۇ يىگىتنىڭ بىرى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ دەۋلەتى ھەددىن تەجاۋۇز قىلدى. ئايدىكى: «ۋەفانىمۇ تاپتىم، نەئۈچۈنكى، ھەرنە خالىسام ئانداغ بولۇر» دېدى. بۇ ئەيش ئىشرەتغە مەشغۇل بولۇپ، ئاخىرەت سەۋداسىنى ئۇنۇتتى. گاھ ـ گاھ ھۇشىغە كېلىپ تەبرەنسە، ئايتۇر: «بۇ كۈن ئۆكسۈگىنى راست قىل، تاڭلا قىلۇرسەن» دەر ۋە تاڭلا تەبرەنسە: «بۇ كۈن كەمىنى راست قىل، تاڭلا بارۇرسەن» دەپ، بۇ مەسلەھەت بىلە بىر نەچچە كۈن ئۆمر ئۆتتى. ناگاھ شەيتان شەھۋەتى يۈرەكىدە قۇرت بولدى؛ نەفس لەززەتى كۆكسىدە سەپرا بولدى㉑⑥، نە بەلدە مەدار، نە تىزدە قۇۋۋەت.

ئەلقىسسە، تەبىبلەرغە ئۆزىن سالدى، بۇ مەرەز ئىلاجىنى سوردى. تەبىبلەر ئايدى:

— بۇ كەسەلگە دەۋا، بۇ رەنجگە شىفا سورىساڭ، [109A] شەباب ياغى بىلە يۇمشار، سەنا زەۋقى بىلە كۆچەر، تەۋبە ئىخراجى بىلە ئارىر، — دېگەچ، كۆرەركىم ئۆمر ئافتابى شام بولۇپدۇر، كاسەئى نەۋبەتنى ئەجەل ساقىيسى كېلىپ تۇتتى. ئىرسە، يۈز مىڭ ئاھۇ نەدامەت بىرلە يولغە قەدەم ئۇردى.

قىتئە㉑⑦:

سۈرەتى دوستۇ سىيرەتى دۈشمەن،
ئەي خىرەد، كىمدۇ؟ نەفس ئىلە دۇنيا.
قايسىدۇر زەئفى بىئىلاج، ئەي يار؟
ئالسە ئىمانىنى نەفسى ھاۋۇ ھەۋا.

بەس، ھەر دانايى خۇدبىن ھەۋا بىرلە قەدەم ئۇرسە، ھەق يولىغە نەفسىنى تانۇماي، ئىلمى غۇرۇرى چۇن باد فەنا شەمئىنى ئۆچۈرۈر. [ئەۋۋەل ئادەم] ئىبرەت㉑⑧ كۆزىنى نەفس ئوقى بىرلە شەيتان كور قىلۇر، خىرەد مىھرىنى ھىرس سەھابى ئەدەم قىلۇر. بۇ ھال بىلە ھەق ـ ناھەقنى خەتا ۋە ئەتانى پەرق قىلماس. نەفسۇ شەيتان ۋەئزى بىلە گاھ ئاشىق، گاھ ئارىف، گاھ زاھىد بولۇپ ئۆمر ئۆتكەرۈر. ۋەقتى خەرىدار بۇ مەتائلارنى بازارى مۇھەببەت ئىچرە سالۇركىم، گەۋھەر خىيال — سەڭ، زەر خىيال — سەفال، ئەتلەسى زەربەفت㉑⑨ خەيال قىلغانلارنى شال ئورنىدە ئىشق سەررافى ئالماس. بۇ نادان [خام] خەيال [بىرلە] ۋە بۇ ئەفسۇنى ئال بىلە ئۆمر نەقدىنى بەرھەم بېرۇر. بەيت:

زاھىرىكىم شەھد، باتىنىكىم زەھر،
ئەھلى دۇنياۋۇ بۇلھەۋەس، ئەي يار.
قايسى ئىمانى تىلدە دىل بىلە كۇفر،
ماسەۋا بىرلە ئول بولۇر ئىقرار㉒⓪.
جانى㉒① نار ئىچرە، جىسمى دەر جەننەت،
زاھىرى بۇدۇ باتىنى ئەفگار.
بۇ رىۋاياتى قەۋلى ئۇششاقان،
كۇفرى بەدبەختى ھەر خىرەد ئىنكار.[110A]

## ھېكايەت

ئىككى ئەئما بىر ـ بىرلەرىگە بەرادەر ئېردىلەر. بىرىنىڭ مەتلۇبى دۇنيا ئېردى، بىرىنىڭ مەتلۇبى بىينا. ئانىڭ مەقسۇدى مۇھتاجلىق ۋە قەللاچلىقدىن خەلاس بولسام، مۇنىڭ مەتلۇبى قۇدرەتىڭ ۋە سەنئەتىڭنى تەماشا قىلسام.

بىر كۈن شەيتان كەلدى، ئايدى:

ــ ئەي ئىككى يارى باۋەفا، ۋەي بىچارەئى پۇر جەفا، سىزلەرغە بىر ئىش كۆرسەتەيكى، خارلىق ۋە زارلىق بەلاسىدىن ئەمان تاپقايسىزلەر، ــ دېدى، ــ فەلان يەردە گەنج باردۇركى، ئۇل گەنجنى ھېچ⑫ كىشى بىلمەس. مەن سىزلەرنى ئاڭا ئىلتەي، ــ دېدى. بىرى:

ــ مەتلۇبىم بۇدۇر، ــ دەپ رەۋانە⑬ بولدى. بىرى [ئايدى]:

ــ كۆز بولماسە، بارچە بىسۇددۇر ۋە بۇد نابۇددۇر. مەن خۇدادىن بىينالىك تىلەرمەن، كۆزسىز قەدەم ئۇرماق خەتەردۇر، ــ دېدى. شەيتان چارە تاپماي، بىرىنى قولىدىن ئالىپ بىر بەيابانغا باشلادى. ئاندە بىر چاھ بار ئېردى. ئۇ چاھدا بىر يىلان بار ئېردى. ئايدى:

ــ ئەي كور، مەن سېنى بۇ چاھكە سالاي، تېگىدە گەنج بىسياردۇر، مىقدارىڭ بارىچە ئال، ئاندىن سوڭرە مەن سېنى چاھدىن خەلاس قىلاي، ــ دېدى. كور قەبۇل قىلدى، چاھگە تۈشتى، يېتەر ـ يەتمەس ئەژدەر تىزىغەچە يۇتتى. فەرياد قىلدىكى:

ــ تارت، خەلاس قىل! ــ دەپ. شەيتان ئايدى: [111A]

ــ رەسمان ئۈزۈلدى، ئەندەك تەۋەققۇف قىل، ــ دېدى. تا بەلگەچە يۇتتى، فەريادۇ فىغان قىلدىكى:

ــ دەرىغا، نە ئىش قىلدىم؟! ــ دەپ، ھېچ سۇد بەرمەدى. شەيتان:

ــ مانا خەلاس قىلدىم، ــ دەپ قويا بەردى. ئەژدەر تەمام يۇتتى. شەيتان خۇشال ۋە خۇررەم بولۇپ ياندى. بۇ كور جانىدىن ئايرىلىپ ۋە ئىمانىدىن ياڭىلىپ، دەۋزەخقە رەۋانە بولدى. بەيت:

بىئىلمۇ ئەمەل ھەر ئادەمىي ئەئمادۇر،
نېچۈنكى، بەقاۋۇ بىبەقا فەرق ئەتمەس.
كىم تالىبى دۇنيا، ئاڭا شەيتان ھادى،
يۇتماي ئانى نەفس بۇ جەھاندىن كەتمەس.

بەس، شەيتان بۇ كور قاشىغە كەلدى. [ئېرسە] ئايدى:

ــ ئەي ئەئما، ھەمىشە بىينالىكنى ئىستەرسەن، مۇشكىللەر كۈشادى، بەندلەر ئازادى مەن خىزىردۇرمەن. مەندىن ھاجەتىڭنى تىلە، ــ دېدى. ئايدى:

ــ كۆڭۈل كۆزى زاھىر كۆزۈمدە كەشف بولسە، ــ دېدى. شەيتان ئايدى:

ــ ئەجەب نادانسەنكى، زاھىر ئەئما تۇرۇپ، باتىننى تىلەرسەن، ــ دېدى. ئېرسە كور ئايدى:

ــ قورقارمەنكى، باتىن بىين بولماي، زاھىر بىين بولسام شەيتاندەك مەردۇدى [ئەبەدىي] بولماغايمەن. شەيتان زاھىر بىينلىغدىن سىردىن خەبەر ئالماي مەردۇد بولدى، ــ دېدى. ئېرسە شەيتان

داغى بەرجىگەر ياندى.

ئەلقىسسە، بۇ ئەئمانىڭ ئېتىقادىنچە ئەللاھ تەئەلا ھەزرەتى خىزرنى ئىبەردى. ھەزرەتى خىزر ئەلەيھىسسالام خۇدادىن مۇژدە كەلتۇرۇپ، بۇ ۋاقەئەنى بەيان قىلدىلار. كور ئېتىقادى تام [بىرلە] ئاياغلارىغە يىقىلدى، باتىن [112A] ۋە زاھىر بىينا بولدى. قىتئە:

مەردۇمى ئەقل كىمدەدۇر، ئەي يار،
ئىستەمەس بۇ جەھان يارۇغلۇغىن ئول.
بولسە شەيتان نەفسىگە دەللال،
فەھم ئېتەر ھەر خەتا يازۇغلۇغىن ئول.

### ھېكايەت

بىر يۇسۇف جەمال، خۇرشىد ۋىسال؛ نادىرەئى دەۋران پەرىۋەش [مەھلىقاگە][224] بىر نەچچە ئادەم ئاشىق بولدىلار. ئەمما ھەربىرى بىر جىلۋەسىگە شەيدا، ھەر قايسىسى بىر ھۇسنىگە گىرىفتار ئولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كۆرەركىم، ھەممە گىرىفتارلارى كېتىپدۇر. شەباب بوستانى پۇر خەزانىدە تۆكۈلۈپدۇر. ھەيات ئافتابىغە زەۋالى دىگەر كېلىپدۇر. خىرەد شىشەسى مىھنەت گەردىدىن خىرە بولۇپدۇر. ئۇيان ـ بۇيان باقار كىم، بىر ئاشىقى جان گۇداز، شاھبازى بەلەند پەرۋاز، قۇرۇق شاخ ئۈزرە بۇلبۇل قونغاندەك، [ماھ ئۈزرە داغ چۈشكەندەك][225] ئولتۇرۇپدۇر. ئايدى:

— ئەي ئاشىقى ئەفتادە، ۋەي مەھبۇبى ئازادە؛ بارچە كەتتى، سەن نېگە كەتمەسسەن؟ — دېدى. ئايدى:

— ئۇلار ھۇسنى لەتافەتكە ئاشىق ئىدى، جەمال سەندىن كەتكەچ مۇھەببەت رىشتەلەرى بىر ـ بىر ئۈزۈلدى، — دېدى. ئايدى:

— سەن نېگە ئۈزمەدىڭ؟ — دېدى. ئايدى:

— ئەي مەھبۇب، ئارەزى مۇھەببەت — ئارەزىي بولۇر، زاتغە بەند بولغان باقىي تۇرۇر، — دېدى.

بەيت:

زاھىرى ھۇسنۇ زىينەتى دۇنيا،
ۋەقتى مۇردەن[226] ئولدى زىيرۇ زەبەر.
ھەركى دىل باغلادى بەزات، ئەي يار،
تاپتى ئول ۋەسل، قايدە بولدى دىگەر.

قىتئەئى ئاخىري[227]:

[زاھىرنى كۆرۈپ زاھىرىڭ ئەت ۋەيرانە،
نېچۈنكى جەھاننى ئاخىرى ۋەيراندۇر.
ئول ھۇسنى كەمالۇ مىھر — دۇنياغە مىسال،
چۈن ۋەقتى ئەجەل ھەر ئىكەۋىي ھەيراندۇر.]

## ھېكايەت

بىر زەئىپنى ساھىبجامال، زىلەيخا مىسال ئېرىگە [113A] كۆڭۈلسىز ئېردى. [ئېرى]㉘ ھەرچەندە مۇراسا ۋە مەدارا قىلدى، قەبۇل قىلمادى. جۇدالىق ئىختىيارىدە قازى قاشىغە باردى. ئايدى:

— ئەي قازىم، نەچچە يىلدۇر، مەن بىر نادان ئىلكىدە ئېردىم. بۇ كۈن جۇدالىق ئارزۇسىدە خىزمەتىڭىزغە كەلدىم. مېنى جۇدا قىلساڭىز، مەن سىزنى قەبۇل㉙ قىلدىم، — دېدى، — ئىككى نادىرە فەرزەندىم بار، ئىككى ئوغلىڭىزغە، — دەپ ۋەئدە بەردى. قازى ئانىڭ ئەفسۇنىدىن ئەمرى شەرئىدىن تاشقارى قەدەم ئۇردى، ئېرىنى چىرلاتتى، ئايدى:

— ئەي بەرادەر، بۇ زەئىفنى رۇخسەتەسىنى بەر، ئەگەر بولماسە ھەلاك بولۇرسەن، — دېدى. ھەر چەندە يالباردى، قەبۇلى ھاجەت㉚ بولمادى. بۇ بىچارە قورقۇنچىدىن ناچار بولۇپ، رۇخسەتەسىنى بەردى. زەئىفدىن ئىككى فەرزەند جۇدا بولدى.

بەس، بۇ سۆز مەسەلكى، ئادەم نەفس خاھىشىچە يول يۈرسە، ئاخىر شەيتانغە ئۆزىن قاتىپ ئەقلۇ ئىمانىڭنى ئالۇر㉛. بەيت:

بۇ نەفس چۇ زەن ئۆزىن قىلۇر ئارايىش،
كىم بەردى كۆڭۈل، گۇناھ ئىلە ئالايىش.
ئىمان ئىلە ئەقل ئىككى فەرزەندى سۈچۈك،
شەيتان ئىلكىدە قايدەدۇر ئاسايىش.

## ھېكايەت

بىر خىرەدمەندى ساھىب دىل، ھۇشيارى كامىل؛ فەھم ۋە دانىش قۇشلارىدە سىيمۇرغ ھال، تەبئ بوستانىدە ئەفلاتۇن مىسال؛ ئازادەلىك شەئنىدە چۈن باد، پاك دامەنى جەھان گەردىدىن ئازاد؛ كۆڭلى مۇھەببەت سەيقەلىدىن گىيتى نەما، جىسمى جۇنۇن ئالەمىدە ھەمچۈن ھۇما؛ كۆزى تەجەللىي [114A] لەمئەسىيدىن مىرئات، سەنەم ئەۋسافىدىن نۇتقى ھىجران ئەھلىگە ئەۋقات؛ خۇلقىدىن خەزانلار بەھار، خىرامىدە گۈلىستان نار؛ ئانداغ دىلبەرى جەھان، شىرى ساھىبقىران جەھانىنىڭ بىۋەفالىغىن، فەلەكى㉜ غەددارنىڭ ناپايىدارلىغىن فەھم ئېتىپ، سەيرى جەھان قىلماق ۋە بىخانۇمان بولماق ھەۋەسىدە جەھاننى تەماشا قىلىپ، ھەر زاتدىن بىر خۇ، ھەر گۈلدىن بىر بۇ مۇيەسسەر قىلىپ، شەھەر بەشەھەر، بىيابان بەبىيابان بىر نەچچە كۈن يول يۈرىدى، ناگاھ بىر شەھەرنى كۆرەركىم، روز ئەيش ۋە ئىشرەت، شەرابۇ كەباب بىرلە مەغرۇر، كىچە ئاھۇ فىغان، يىغى - زارى، ھەسرەت بىرلە مەستۇر؛ ھەمىشە مۇنداغ ھال بىرلە ئۆمر كېچەدۇر. سوردى:

— بۇ نېچۈك ئەلدۇركى، كۈندۈز ئىشرەتغە مەغرۇر، كېچە غەم ۋە ھەسرەت بىلە مەستۇر؟

بىرى ئايدى:

— بىز نەفسىنىڭ ئىتىدۇرمىز، كۈندۈز يېمەك ۋە ئىچمەك بىلە شاد، كېچە تاڭلانى فىكرىدە ئەفغانۇ فەرياد، — دېدى.

ئېرسە «خۇللەسنا!» دەپ ئۆتتى. ئاندىن ئۆتۈپ يەنە بىر شەھەرگە باردى. كۆرەركىم، خەلايىقلار كۈندۈز كار قىلسەلەر، كېچە بىلە بەرھەم بولۇر. ئەفسۇس بىرلە سوردى:

— ئەي يارانلار، نېچۈكدۇركى، كۈندۈز تارتقان مۇشەققەتلەرىڭىز كېچە بىرلە زايىئ بولۇر؟

ئايدىلار:

— بىزلەر ھەرىس ۋە غەيبەت قىلغۇچى، رىيا ئەھلى [115A] تۇرۇرمىز. ھەرنە قىلساق سۇد قىلماس، — دېدىلەر.

يەنە بىر مەنزىلغە يەتتى. ئېرسە بىرنەچچە گۇرۇھ بۇد مەنزىللەرنى بۇزماق، نابۇد مەنزىللەرنى تۈزماق بىلە بولۇر. سوردى:

— ئەي بەرادەرلەر، ئابادنى بۇزماق، ۋەيراننى تۈزماق بائىسى نەدۇر؟

ئايدىلار:

— ئەي يار، بىز[لەر] ئىبرەتدۇرمىز، دۇنيانىڭ ئەۋۋەلى ئاباد ئاخىرى ۋەيران، [ئەۋۋەلى ۋەيران] ئاخىرى ئاباد بولۇر، — دېدى.

يەنە بىر بەيابانغە يەتتى. كۆرەركىم، بىرنەچچە خەلايىق دەريا ئۇزرە سەرايۇ بوستان قىلماق بىلە مەغرۇر، زىيبۇ - زىينەت بەرمەك بىلە مەسرۇر؛ ئانداغ مەنزىل ۋە مەئۋاسىغە ئارايىش بېرىپ، ئاسايىش ۋەقتىدە دەريادىن بىر نەھەڭ پەيدا بولۇپ، ئول مۈلك ۋەلىيسىن قۇت قىلۇر. خەلايىق ئانى كۆرۈپ ھەيرانىغە قالماسلار. ھەمىشە جىددۇ جەھد بىرلە ھەركىم ئۆز ئارايىشى بىلە مەغرۇر [بولۇر]. سورىدىكىم:

— ئەي بەرادەرلەر، بارچەڭىز بۇ نەھەڭ قۇتى تۇرۇرسىز. ئانىڭ كامىدە نېچۈكدۇر جىددۇ جەھد بىرلە ئاسايىش ئىستەپ، ئارايىش قىلماق؟ — دېدى.

ئېرسە ئايدىلار:

— بىز ئەھلى دۇنيادۇرمىز، دۇنيا مېھرى ئەجەل زەخمىن مەئلۇم قىلماس، — دېدى.

— جەھان مىسلى دەريادۇركى، ھەرنە يۇزىدەدۇر بىبەقادۇر، — دەپ رەۋان بولدى.

يەنە بىر مەنزىلغە باردى. ئېرسە بىرنەچچە تائىفە كوھ قازىپ لەئلى جەۋاھىرنى ئالۇر ھەزار مىھنەت ۋە مۇشەققەتلەر بىلە باز ئىلتىپ دەرياغە سالۇر. [ئايدى:

— ۋا ئەجەبا، نېچۈكدۇركى، تاغنى قازىپ لەئلى جەۋاھىرنى ئالىپ دەرياغە سالۇر؟]㉝ — دەپ ھەيران بولۇپ سوردى. ئېرسە [116A] ئايدىلاركىم:

— بىز[لەر] ئول گۇرۇھدۇرمىز، ئالىمى بىئەمەل، زاھىدى باجەھل، سەخىئى بامىننەت. بىزگە قىلغان بىرلە ۋەفاسى يوق، — دېدىلەر.

يەنە بىر شەھەرگە يەتتى. ئېرسە شەھەر خەلقى تۆت تائىفە كۆرۈنۇر. بىرى شاھ سۇرەت، گەدا سىيرەت، [بىرى گەدا سۇرەت، شاھ سىيرەت؛ بىرى خاتۇن سۇرەت، ئەر سىيرەت]㉞، بىرى ئەر سۇرەت، خاتۇن سىيرەت. بىرنەچچە كۈن ئاندا تەئەججۇب بىرلە يۈردى. ناگاھ گۇزەرى بازارغە تۈشتى. كۆرەركىم، گەۋھەر بەھاسى سەدەف، سەدەف بەھاسى㉟ گەۋھەر؛ تىللا بەھاسى مىس، بىرىنچ قىيمەتى تىللا؛ شەككەر بەھاسى تۇز، تۇز قىيمەتى شەككەر؛ ئەتلەس بەھاسى شال، شالى زەربەفت قىيمەتى دۇبەندى. بۇ رەسم ۋە بۇ ئەفئالغە ھەيرەتكە قالدى. سورىدىكىم:

— ئەي يارانلار㊱، بۇ نېچۈك ۋاقىئەلەردۇركى، ھەر جىنس ئۆز ئورنىدا تۇرماس، ھەر جانۋەر ئۆز

ئورنىدا ئولتۇرماس؟

ئايدىلاركىم:

— بۇ بىئىمتىياز نادان ۋە جاھىللاردۇركى، مۇندە شاھلار قەدرى گەدا ئورنىدە، گەدالار ئىززەتى شاھ ئورنىدە؛ ھەسەب ئورنىدە جەھل، نەسەب ئورنىدا خەتا؛ دانا ئىكرامىدە نادان، نادان ئىزاسىدە دانا؛ كۇفر سۇلۇكىدە ئىمان، ئىمان تەرىقىدە كۇفر؛ سەۋاب تەگرەسىدە ئىسيان، ئىسيان بەرابەرىدە سەۋاب، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئېرسە «ئەھفەزنا!» دەپ ئۇمر كەچۈردى.

ئىلاھا، بارچە ئۇممەتى مۇھەممەد — سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئالىھى ۋەسسەللەم — نى ئەمرى يولىغە ئازىم قىلدۇر، زىكرى دەۋام ۋە فىكرى مۇدام شەھادەتى بىللە دەئۋايى بەندەلىكىن [117A] ئۆتكەر. ئامىن، يا رەببىل - ئالەمىن. قىتئە:

ئىبرەت كۆزى بىرلە قارا ئالەمغە، ئەي خىرەد،
ئۇشبۇ خىسال بارچەسى مەئلۇم بولۇر ساڭا.
بىر نەچچە سۆز دېدىم بۇ جەھانى بىبەقاسىدىن،
كىم ئالسە نەفئ قىلسە سەۋاب ئەتا ماڭا.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**ئىزاھات:**

(143) بۇ سۆز A نۇسخىدا «قاچسە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلاردا بولسا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

(144) بۇ سۆز A نۇسخىدا «دەھر» دەپ كۆچۈرۈلگەن، B، C، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

(145) بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان،B، C نۇسخىلاردا «ئۇقماي» دېيىلگەن.

(146) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان C نۇسخىدا «جاندىن» دېيىلگەن.

(147) بۇ سۆز Aنۇسخىدا «دەلىل» دەپ يېزىلىپ، B، C، D نۇسخىلاردا يۇقىرىدەك ئېلىنغان.

(148) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يوق، B، C ، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(149) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان C نۇسخىدا «غەفلەت» دېيىلگەن.

(150) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان B، D نۇسخىلاردا «جەمەئ» دېيىلگەن.

(151) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان C نۇسخىدا «چاك» دېيىلگەن.

(152) بۇ مىسرا Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «نەفسى ئەمرى سارى ۋۇجۇدى خۇ ئالماسە ھېچ» دېيىلگەن.

(153) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان C نۇسخىدا «فەنا» دېيىلگەن.

(154) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «يېدىڭ نەچچە» دېيىلگەن.

(155) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «يۈزىدىن» دېيىلگەن.

(156) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «چۆل» دېيىلگەن.

(157) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B ، D نۇسخىلاردا «قاراپ كۆرۈپ»، C نۇسخىدا «قاراپ تۇرۇپ» دېيىلگەن.

(158) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «مىنئەتزەمە» دېيىلگەن.

(159) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «بارىي» دېيىلگەن.

(160) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «مۇھەببەت» دېيىلگەن.

(161) بۇ سۆز Aنۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

162 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «فەرزدۇر» دېيىلگەن.
163 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «يىغلاي» دېيىلگەن.
164 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.
165 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.
166 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
167 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «كى سەندىن» دېيىلگەن.
168 بۇ سۆز A نۇسخىدا «ھەمراھ» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ ئېلىندى.
169 بۇ سۆز A نۇسخىدا «سەندە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ ئېلىندى.
170 بۇ سۆز A نۇسخىدا «ئەترافىنى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن «ئەتراقىنى» دېيىلگەن، تۈزىتىلىپ ئېلىندى.
171 بۇ سۆز A نۇسخىدا «ھەر» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن «بىر» دەپ ئېلىندى.
172 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
173 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «بىر» دېيىلگەن.
174 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
175 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «قايدا» دېيىلگەن.
176 بۇ سۆز A، C، D نۇسخىلاردا «يار» دېيىلگەن، B نۇسخىدا «بار» دەپ ئېلىنغان.
177 بۇ سۆز A، C، D نۇسخىلاردا «يار» دېيىلگەن، B نۇسخىدا «بار» دەپ ئېلىنغان.
178 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
179 بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «مۈلكىنىڭ» دېيىلگەن.
180 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «مەنزىلىغە» دېيىلگەن.
181 بۇ سۆز A نۇسخىدا «ئەيش» دېيىلگەن، B، C، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.
182 بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا يوق، C نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.
183 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «مەنزىلىغە» دېيىلگەن.
184 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
185 بۇ سۆز A نۇسخىدا «باشىغە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
186 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
187 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «قىتئەئى ئاخىرى» دېيىلگەن.
188 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
189 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «ئىنۇ»، D نۇسخىدا «كىبرۇ» دېيىلگەن.
190 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بارىن» دېيىلگەن.
191 بۇ مىسرا A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ۋەلى جەۋرۇ جەفالارغە گىرىفتار» دېيىلگەن.
192 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
193 بۇ جۈملىلەر A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
194 بۇ سۆز B، C، D نۇسخىلاردا «بەيت» دەپ ئېلىنغان.
195 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
196 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
197 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
198 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
199 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «سەدەقات» دېيىلگەن.
200 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بەرمەك» دېيىلگەن.

201 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
202 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
203 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «گويا يۈرەكى يارىلىپدۇر» دېيىلگەن.
204 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
205 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «تاپۇپدۇر كىم» دېيىلگەن.
206 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئىچتىلەر» دېيىلگەن.
207 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئۇشبۇ» دېيىلگەن.
208 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «كۆپ» دېيىلگەن.
209 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «ئۆلدى» دېيىلگەن.
210 بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت جۈملە A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك نەسرىي شەكىلدە ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بەيت» دېگەن سۆز يېزىلىپ ئاندىن بۇ تۆت جۈملە شېئىرىي شەكىلدە بېرىلگەن.
211 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ۋەلەھۇ ئىزەن» دېيىلگەن.
212 بۇ ئىككى مىسرا A نۇسخىدا كۆچۈرۈلمەي قالغان، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
213 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «دۈشمەنلىك بىلە» دېيىلگەن.
214 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنتغان، C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.
215 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ياد» دېيىلگەن.
216 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «تولدى» دېيىلگەن.
217 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.
218 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
219 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «زەر ئەفشان» دېيىلگەن.
220 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «دىلدار» دېيىلگەن.
221 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنتغان، C نۇسخىدا «تېنى» دېيىلگەن.
222 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
223 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «پەرۋانە» دېيىلگەن.
224 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
225 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
226 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «مەردانىغە» دېيىلگەن.
227 بۇ قىتئە A نۇسخىدا يوق، B ، C نۇسخىلارغا «قىتئە»، D نۇسخىدا «قىتئەئى ئاخىرى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن كۆچۈرۈلگەن.
228 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
229 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئىختىيار» دېيىلگەن.
230 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «خاست» دېيىلگەن.
231 بۇ جۈملە A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەقل ۋە ئىماندىن جۇدا بولسە نە ئەجەب» دېيىلگەن.
232 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «زالىكە» دېيىلگەن.
233 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
234 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، D ، C ، B نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
235 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D ، C ، B نۇسخىلاردا «قىيمەتى» دېيىلگەن.
236 بۇ سۆز A ، B ، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەي يارى مېھرىبانلار» دېيىلگەن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## ئالتىنچى تەبقە

### مۇئىنىددىن جۇۋەينى

پەزىلەتلىك، دانىشمەن ۋە ئەھلى سۈلۈك، شەيخلەر شەيخى سەئىدىدىن ھەمەۋىي مۇبارەك خانەدانى مۇرىدلىرىدىندۇر. مەۋلانا مۇئىنىددىن جۇۋەينىگە قاراشلىق ئەندادە يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى. ئۆلىمالار ئارىسىدا كامالەتكە يەتكەن بىلىمى سەۋەبىدىن «بېھىشتىي» لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان، «شەرھى فەرائىز» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مەۋلانا فەخرىددىن ئىسفەرائىنىي ئۇنىڭ ئۇستازى. مانا بۇ غەزەل مەۋلانا مۇئىنىددىننىڭ:

زۇلفۇڭ پەرىشانىدىن مەنمۇ پەرىشان بولدۇم،
كويۇڭدا كېزىپ سۇبھى سابادەك سەرسان بولدۇم.

ئىشقىڭدا سېنىڭ، گۈلدەك ياقا چاك ئەتتىم، نېتەي،
تاڭغا تون بولغۇچە غەرق، مەن جىگەرى قان بولدۇم.

تا سېنىڭ گۈلىستانىڭ بۇيىنى ھىدلىغۇچە،
ئۆمۈر تاڭ يېلىدەك ئۆتتى، سەرسان ـ سەرگەردان بولدۇم.

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

www.nurkitap.com نۇر بىلىكى كىتاب

ھەر خەسۇ تىكەنگە سەن قونما، ئەي گۇلى رەنا،
جەبرۇ جاپايىڭدىن سىنىنىڭ مەن ياقا ۋەيران بولدۇم.

مەنپەئەت بارمۇ بۇ ئىش، بۇ جۇدالىق تىغىدىن،
كى پىراق كۈنلىرىدىن بىھۇشۇ بىجان بولدۇم.

سەرسانە ئىتقا باللار تاش ئاتۇرلار ھەر نەپەس،
مەن جاپالار تېشىدىن دىۋانەئى جان بولدۇم.

مەۋلانا جۈۋەينى ئەسەرلىرىدىن بولغان «نىگارىستان» ناملىق كىتابى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەرزىدە يېزىلغان. لېكىن، ئۇ كىتابتىن سادىدىراق ۋە دانىشمەنلەرچە پۈتۈلگەندۇر. ئۇنىڭدا نادىر، ئۆرنەك بولارلىق ۋە پايدىلىق ھېكمەتلەر كۆپ توپلانغان. بەھرئاباد شەيخلىرى بۇ كىتابنى ئۇلۇغبەگ مىرزىغا تارتۇق قىلىشتى. مىرزا ئىراقتا يۈرۈش ئالدىدا، بەھرئابادنىڭ كاتتىلىرى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا توپلىنىپ، (ئۇنىڭ ئۆمرى بىلەن) كىتابنى چىرايلىق خەت ۋە زور ھەشەمەت بىلەن كۆچۈرۈپ بېرىشتى. (ئۇلۇغبەگ مىرزا) ئاشۇ كىتابنى دائىم مۇتالىئە قىلىپ يۈرەتتى ۋە مەقبۇل كۆرەتتى. بۇ كىتاب ماۋەرائۇننەھردە كۆپ شۆھرەت تاپتى، لېكىن خۇراساندا كەمرەك. قىسقىسى، ئۇ (كىشىنى) ئۆزىگە تارتقۇچى كىتابتۇر. مانا بۇ ھېكايە ئاشۇ كىتابتىن كەلتۈرۈلدى ...

## ھېكايەت

«لەيلى ۋە مەجنۇن» قىسسىسى ئەل ئاغزىدا تارقالغاچقا، خەلىپە (ئاباسىيلاردىن بىرى) لەيلىنى كەلتۈرۈپ بىر ھۇجرىغا ئولتۇرغۇزۇشنى بۇيرۇدى. كېيىن مەجنۇننى ئېلىپ كېلىشتى. (خەلىپە) دېدى:

— ئەي زېرەك (يىگىت)، نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالغا چۈشتۈڭ؟ ئىستىسەڭ، ھەرىمىمدىن پەرىدىن ئارتۇقراق، (جامالى) ئايغا تەڭ بىر كېنىزىكىمنى بېرەي.

— ئۇنداقتا ماڭا شۇنداق كۆز ئاتا قىلغىنكى، ئاشۇ كېنىزەك نەزىرىمدە لەيلىدىن ياخشىراق كۆرۈنسۇن.

— لەيلىدىن ياخشىراقنى كۆرسەڭ، ئۇنى خالارمىدىڭ؟

— مەن لەيلىدىن ئۆزگىنى كۆرمەيمەن.

— لەيلى سەن بىلەن قانداق بولۇشنى ئۆزۈڭ بىلەمسەن؟

— بۇنىڭ قانداق بولۇشىغا لەيلى ئىككىمىز مۇناسىۋەتلىك. شۇنى بىلىمەنكى، تا ئۇ مەھبۇبە مېنىڭ ھالىمغا نەزەر سالمىغۇچە مەن ئۇنىڭغا ئاشىق ۋە جاپاسىغا مۇپتىلا بولمىغانمەن.

— ئەگەر ئىستىسەڭ، لەيلىنىڭ قېرىنداشلىرىنى چاقىرتىپ كېلەي. ئۇلار لەيلىنى سەن بىلەن نىكاھلاپ قويۇشسۇن.

— بۇزۇق تەبىئەتلىك بولۇشنى ئىستىمەيمەن. بىتەكەللۇپ ئاشىق مەسىلەكلىرى ماڭا راۋا ئەمەس.

— لەيلىنى كۆرۈشنى ئىستەمسەن؟

— ئۇنى قەيەردە كۆرمەن؟
— خىلۋەت بىر خانىدا.
خەلىپىنىڭ غۇلاملىرىدىن بىرى مەجنۇننى باشلاپ، لەيلى ئولتۇرغان ھۇجرا ئىشىكى يېنىغا ئېلىپ باردى. (لېكىن) ئۇنىڭ نەزىرى لەيلىگە چۈشۈشى ھامان كۆزىنى بەلۋېغى بىلەن باغلىۋالدى. غۇلام دېدى:
— ئەي سەۋدايى، بۈگۈن لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈز جۈپ كۆزنى قەرز ئالساڭمۇ ئەرزىيتتى. ۋەھالەنكى، سەن كۆزۈڭنى باغلىۋالدىڭ!
— ئۇنى يىراقتىن كۆرسەم، ماڭا شۇ كۇپايىدۇر ...
مەجنۇننىڭ لەيلىگە قارىمىغانلىقىنى خەلىپىگە خەۋەر قىلىشتى. خەلىپە مەجنۇننى چاقىرتىپ دېدى:
— بۇئىشق پەردىسى ئارىدىن كۆتۈرۈلگەن خۇپىيانە ئۇچرىشىش ئىدى، ئىشتىياق (بولسا) غالىپ ئىدى. نېمىشقا مەھبۇبەڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن بەھرىمەن بولۇپ، لەززەتلەنمىدىڭ؟
— مەشۇقۇمنىڭ نەزىرى بۇ ئاشىقنىڭ مەجرۇھ كۆزلىرىگە چۈشسۇن، دەپ ئىشىق غەيرىتى يول بەرمىدى. (مەجنۇن) بۇ بېيىتنى ئوقۇدى ۋە نالە قىلىپ چۆل ـ باياۋانلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

نە مەھالدۇر كۆزۈمە تون ئارتىدىن تۈنگە قاراش،
ۋاھ، نېچۈن تۈنگە قاراي كۆزۈمگە تولغان بولسا ياش.
تا يولۇڭ توسقۇنچە ئۇيناق تاڭ شامىلىدەك جانان،
ئىستەرەم يول چۈشسە كۆككە، باغرىمە كىرسە قۇياش.
تا قاراڭغۇ تۈندە كۆزۈڭ قارىسىنى كۆرمىسەم.
تا خىيال كۆكىدە ئول ئاي شۇلىسىنى كۆرمىسەم.

## شاھ قاسىم ئەنۋەر①

شاھ قاسىم ئەنۋەر ھەقىقەت دەرياسىنىڭ گۆھىرى، تەرىقەت ۋادىسىنىڭ سەيياھى، ئىلاھىيەت مەيدانىنىڭ لاچىنى، پەرىشتىلەر ئالىمىنىڭ بىلىمدانى ئىدى. ئۇنىڭ پەيزىلىك خاتىرى ھەقىقەت خەزىنىسىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۆجىزىلىك سۆزلىرى ئىما ـ ئىشارەت ۋە نازۇك ھەم ئىنچىكە مەنىلەر خەزىنىسىدىندۇر.

سەييىدلەردىن بولغان مەرىپەتلىك ۋە ئېتىقادلىق ئۇ جاناب ئەسلى ئەزەربەيجانلىق بولۇپ، تۇغۇلۇپ ۋايىغا يەتكەن جايى تەبرىزنىڭ سۇرخاب دېگەن يېرىدۇر. ئۇ ئاشۇ دىيارنىڭ سەييىدلىرى ۋە ئۇلۇغلىرىدىن ئىدى، ياشلىقىدا شەيخۇل ماشايىخ سەدرىددىن ئەردەبىلىيگە مۇرىت بولۇپ بىرنەچچە ۋاقىت ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ ئاستانىسىدە سۇلۇك بىلەن مەشغۇل بولدى. سوپىلىق ۋە پېقىرلىقنىڭ پۈتكۈل قىيىنچىلىقلىرىنى تارتىپ كامال تاپتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن جىلانغا بېرىپ، ئاشۇ دىياردا كۆپ ئىستىقامەت قىلدى ۋە تەلەپ ۋادىسى تەشنالىرىنى ئىرپاننىڭ سۈزۈك سۈيى بىلەن سۇغاردى.

ھەزرىتى شەيخ پەزىلەتلىرىنىڭ داڭقى، كامالىتىنىڭ شۆھرىتى ئالەمنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىغا تارقالغاچقا، ئۇ خۇراسانغا بېرىپ بىرنەچچە ۋاقىت نىشاپۇردا تۇردى. خۇراسان ئۆلىمالىرى ھەزرىتى سەييىدكە زىتلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ پايتەخت شەھەر ھىراتقا كەلدى. ھىرات ئاھالىسى تولۇق

ئېتىقادى بىلەن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشتى. (ئۇ) جازىبىلىك (كىشى) بولغاچقا، ھەتتا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئىخلاسمەن بولۇپ قايتاتتى. بارا ـ بارا پايتەختنىڭ كۆپلىگەن كاتتىلىرى ۋە ئەمىرزادىلىرى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلىنىشتى. غەزەرگۆيلار بۇ ھالنى زامان پادىشاھى سۇلتان شاھرۇخقا يەتكۈزۈپ، دېيىشتىكى: «سەييىدنىڭ بۇ شەھەردە (ئارتۇقچە) تۇرۇشى مەسلىھەتكە لايىق كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنى شەھەردىن چىقىرىۋېتىش لازىم. چۈنكى، كۆپلىگەن ياشلار ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ قېلىشتى. مۇبادا ... بۇنىڭدىن بىرەر پىتنە ـ پاسات چىقمىسۇن» پادىشاھ سەييىدنى شەھەردىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى. لېكىن، ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئۇلۇغلىرى پادىشاھ ھۆكمىنى سەييىدكە چۈشەندۈرۈشكە ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن پايدا چىقمىدى. ئۇ (پادىشاھنىڭ ئادەملىرىگە): «شاھرۇخ قايسى گۇناھلىرىم ئۈچۈن مېنى مۇسۇلمانلار مەملىكىتىدىن چىقىرىۋېتىدىكەن؟» دېدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، پادىشاھ سەييىدنى شەھەردىن زورلۇق كۈچ بىلەن چىقىرىپ تاشلىماقچى بولدى. بەختىيار سۇلتانزادە بايسۇنقۇر (بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «قاتتىق قوللۇق ۋە قوپاللىقنىڭ ھاجىتى يوق، مەن لاتاپەتلىك ۋە نازۇك مەنىلىك گەپلەر بىلەن سەييىدنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن» دېدى. (ئاندىن) ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سەييىدنىڭ ھۇزۇرىغا زىيارەت قىلىپ باردى. ئۇلار شېرىن سۆھبەت قۇرۇشتى. سۆھبەت ئارىلىقىدا سۆز سەييىدنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشى ھەققىدىكى تېمىغا كېلىپ قالدى. سەييىد: «ئاتاڭ مۇسۇلمانلار پادىشاھى مېنى نېمىشقا شەھەردىن چىقىرىۋېتىدىكەن؟» دېدى. شاھزادە بايسۇنقۇر: «ئەي خۇدا! سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلمايسىز؟» سەييىد: «ئۇ قايسى سۆزكىن؟» دەپ سوراش بىلەنلا شاھزادە مانا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قىسقا قىل سۆزنى، قاسىم، يولغا چۈش دەرھال تۇرۇپ،
تۇتىغا شەككەرنى سەپ، تاپ گۆشنى سەن قۇزغۇنغا بەر.

ئەمىر سەييىد قاسىم شاھزادىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى ـ دە، شۇ ھامان ئۇلاغ (ۋە سەپەر جابدۇقلىرىنى) تەييار قىلدى. پايتەخت ئۇلۇغلىرى ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۇلاغقا مىندۈردى. شۇنىڭ بىلەن (سەييىد) بەلخ ھەمدە سەمەرقەنت تەرەپكە راۋان بولدى.

(شاھ قاسىم ئەنۋەر) بىرنەچچە ۋاقىت ئاشۇ دىياردا شەخسلەرنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ يۈزلىنىدىغان پاناھگاھى بولدى. (كېيىن) ئۇ يەنە پايتەخت ھىراتقا قايتتى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت شۇ يەردە كۈن كەچۈردى. تۆرىلەر، سەييىدلەر، ئۆلىما ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى دائىم ئۇنىڭ شاراپەتلىك سۆھبىتىگە بېرىپ، ياخشى خىزمەتلىرىگە مايىللىق كۆرسىتىشتى.

سەييىدنىڭ ۋەھدانىيەتچىلەرگە خاس ۋە ئارىفلارچە ئېيتقان شېئىر ۋە مەسنەۋىيلىرى كۆپتۇر...

سەييىدلەرنىڭ يۈزلىنىدىغان تاۋاپگاھى بولغان ئۇ ھەزرەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھىراتتىن چىقىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بەكلا ياشىنىپ قالغاچقا مەيگە ئولتۇرۇپ جام ۋىلايىتىگىچە كەلدى ۋە خارجىرد② يېزىسىدا توختىدى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، مەزكۇر يېزا ئۇلۇغلىرىدىن بىرىنىڭ بېغىدا پاناھلاندى. ئاشۇ بوستاننىڭ كۆڭۈل ئاچار ھاۋاسى ھەزرەتكە يېقىپ قالدى، نەچچە كۈن ئاشۇ باغدا خۇش ۋاقىت ئۆتتى. باغ مېۋىسىنى ئىگىسىدىن باھالاپ ئالغاچقا، يازنى ئاشۇ باغدا شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزدى. سەييىدنىڭ مۇلازىمى ۋە سۆھبىتىدىكى ئۇلۇغلاردىن بەزىلىرى (شەيخنىڭ) شۇ يەردە توختاپ قېلىشىنى غەنىيمەت بىلىپ، باغنى ئىگىسىدىن سېتىۋالدى ھەمدە سەييىدكە خىزمەتكارلىق نىشانىسى، دەپ ئاشۇ باغقا ئىخچام بىر ئىمارەتمۇ قۇرۇپ بەردى. (سەييىد) ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلدى ...
سەييىدلەر قىبلىگاھى، ئۇلۇغ ھەزرەت ھىجرىيە 835 ـ يىلى (مىلادىيە 1432 ـ يىلى، خارجىرد يېزىسىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مۇبارەك مەقبەرىسى ئۆزى ئىستىقامەت قىلغان ئاشۇ باغدىدۇر. ئىرپان ئىگىسى، سەييىدلەر ۋە تەقۋادارلار سۇلتانى ئەمىر ناسىرىددىن قورەيشي ھۇسەينىي... سەييىد قاسىمنىڭ نۇرلۇق مازىرىنى ئاۋات قىلىشتا كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلدى.
تەڭرى لۇتفلىرىنىڭ خەزىنىسى، چەكسىز مۇرۇۋۋەت نۇرى، مىللەت ۋە دىن نىزامى مىر ئەلىشىر (نەۋائىي) سەييىد ھەزرەتلىرىنىڭ پاكىزە مەقبەرىسىنى بىنا قىلىشتا كۆڭۈل قويۇپ شۇنداق بىر ئىمارەت قۇردىكى، ئاسمان ھازىرغا قەدەر مىڭلاپ يۇلتۇز كۆزلىرى بىلەن بۇنداق بىنانى كۆرمىگەن ...
ئەمما، شاھزادە بايسۇنقۇرنىڭ سائادەتلىك تەۋەللۇتى ھىجرىيە 802 ـ يىلى (مىلادىيە 1399 ـ 1400 ـ يىلى) ئۆتكەن بولۇپ، جامالىدا يېتۈكلۈك، ئىقبال ۋە قۇۋۋانچىلىق نىشانلىرى ئايان ئىدى. ھەم ئىستېداتتا، ھەم ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ پەرۋىشىدە ئۇنىڭ شۆھرىتى بارچە ئىقلىملارغا تارقالغانىدى. خەتتاتلىق ۋە شېئىرىيەت ئۇنىڭ زامانىدا راۋاج تاپتى. ھۆنەر ئىگىلىرى، شائىرلار ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ھەممە ئەتراپتىن ئۇنىڭ خىزمىتىگە كېلەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىرىق نەپەر خۇشخەت كاتىپ ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا كىتاب كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان. مەۋلانا جەئفەر تەبرىزىي ئۇ كاتىپلارنىڭ يېتەكچىسى ئىكەن. (بايسۇنقۇر مىرزا) ھۆنەرۋەنلەرگە ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىپ، شائىرلارنى دوست تۇتاتتى، زىبۇ زىننەتكە ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ زېرەك ھەم خۇش تەبىئەتلىك خادىملىرى بار ئىدى. زامان سۇلتانلىرىدىن خۇسرەۋى پەرۋىزدىن كېيىن ھېچكىم بايسۇنقۇر سۇلتاندەك ئىشرەت ۋە زىبۇزىننەتتە كۆن كەچۈرمىگەن. پارسىي ۋە تۈركىي تىللاردا ياخشى شېئىر ئېيتاتتى، ئالتە خىل نۇسخىدا خەت يازاتتى③.

## ھېكايەت

سۇلتان بايسۇنقۇر زامانىدا خاجە يۇسۇف ئەندىگانىي يەتتە ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق ناخشىچى ۋە سازەندە ئىدى. ئۇنىڭ «داۋۇدىي»سى يۇسۇف تىلىنى تىرنايتتى. «خۇسرەۋانىي» ئاھاڭى جىگەرنى پارچىلاپ، تۇز سېپەتتى. سۇلتان ئىبراھىم ئىبنى شاھرۇخ شېرازدىن بىرنەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، بايسۇنقۇر سۇلتاندىن خاجە يۇسۇفنى سوراتتۇردى. (لېكىن)، بايسۇنقۇر رەت قىلىۋەردى. ئاخىر ئىبراھىم سۇلتان خاجە يۇسۇفنى ئەۋەتسۇن، دەپ ئۇنىڭغا 100 مىڭ دىنار پۇل ئەۋەتتى. بايسۇنقۇر مىرزا ئىنىسىگە مانا بۇ بېيتنى جاۋاب ئورنىدا يوللىدى.

ساتمىغايمىز بىز يۇسۇفنى ھېچقاچان،
ئەيلە سەن قارا چاقىڭنى ئېھتىيات.

ئۇلۇغبەگ كۆرەگان، بايسۇنقۇر باھادىر ھەمدە ئىبراھىم سۇلتان ئوتتۇرىسىدا كۆپلىگەن ئاجايىپ ھادىسىلەر، يېزىلمىلار ئۆتكەن بولۇپ، بۇ تەزكىرىمىزدە ئۇلارنى قەيت قىلىش ئىمكانى يوق.
ئەمما، بۇ بىۋاپا دۇنيا، ستەمكار پەلەك ئۇ بەختىيار شاھزادىگە يىگىتلىك چېغىدا قەست قىلدى. قازائى قەدەر مۇئەككەللىرى ئۇنىڭ ياشلىقىغا رەھىم قىلمىدى. بىر كېچىسى ئۇ شارابنى بەك كۆپ ئىچىپ باقى ئالەمنىڭ ئەبەدىي ئارامگاھىغا راۋان بولدى .. بۇ دەھشەتلىك ھادىسە ھىجرىيە 837 ـ يىلى (مىلادىيە 1433 ـ يىلى) ھىراتنىڭ سەفىد دېگەن يېرىدە يۈز بەردى. ئۇ (ئاشۇ ۋاقىتتا) ئوتتۇز بەش

ياشتا ئىدى.

شاھرۇخ سۇلتان زامانىدا بايسۇنقۇر باھادىرغا شائىرلاردىن بابا سەۋدايى، مەۋلانا يۇسۇف ئەمىرىي، ئەمىر شاھىي سەبزەۋارىي، مەۋلانا كاتىبىي تۇرشىزىي، ئەمىر يەمىنىددىن نۇزۇلئابادىي مۇلازىم ئىدى.

شاھرۇخ سۇلتاننىڭ شاراپىتىدىن بايسۇنقۇر باھادىرنىڭ مال ـ دۇنياسى 600 تۈمەن كېپەكتى ئىدى. ئاستىرئاباد، جۇرجان، دىھىستان، تۇس، ئەبىۋەرد، نىسا، خەبۇشان ۋە سىمنان ۋىلايەتلىرى، ئىراقتىن كاشان، پارستىن شەبانگەرە ئۇنىڭغا ئىقتا④ ھېسابلىناتتى ...

## بىساتىي سەمەرقەندىي⑤

بىساتىي سەمەرقەندىي خۇش سۆزلۈك شائىرلار جۈملىسىدىن بولۇپ، غەزەلنى نازۇك ئېيتاتتى. (ئۇ) سۇلتان خەلىل⑥ باھادىر ئىبنى مىرانشاھ كۆرەگان زامانىسىدا سەمەرقەنتتە مەيدانغا چىققان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ (ئەسلى) بورا توقۇغۇچى بولۇپ، (شۇ سەۋەبتىن) ئاۋۋال «ھەسىرىي» تەخەللۇسىنى ئالغانىدى. خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي ئۇنىڭ قابىلىيىتى ۋە تۇزۇك زېھنىنى كۆرۈپ (مۇنداق) دېگەن: «بورا ئۇلۇغلارغا مۇناسىب بىساتتۇر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) سېنىڭ ئاۋۋالقى تەخەللۇسۇڭ «بىساتىي» بولۇشى لازىم». بىساتىي خاجە ئىسمەتۇللاھ ئىزىدىن ماڭغان، (لېكىن) كەمال خوجەندىينى ئىنكار قىلغان.

(مەۋلانا بىساتىي) جاۋاب ئېيتقان شەيخ كەمال (خوجەندىي) غەزىلىنىڭ مەتلەئى بۇدۇر:

باشتا توزغان چىچىنى ئۆتكۈنچى تۈن نىشانى بىل،
بۇدرە چىچى ئاستىدا يانغان چىراغ روشەن دەلىل.

مەۋلانا بىساتىينىڭ جاۋابى بۇدۇر:

بىلمە بىساتىينى، كەمال، نەزم ئارا ئۆزۈڭدىن كەم،
چۈنكى سەلمان ئەشكىدىن تەربىيەت تاپقاندۇر ئۇ.

... ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېچىلەرنىڭ بىرىدە خانەندەلەر(ناخشىچىلار) سۇلتان خەلىلنىڭ مەجلىسىدە بىساتىينىڭ شېئىرلىرىدىن بىر پارچىنى ئوقۇغان. بۇ شاھزادە خەلىلگە يېقىپ قالغان ۋە ئادەم ئەۋەتىپ بىساتىينى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتقان ھەمدە ئۇنىڭغا مىڭ دىنار ھەدىيە قىلغان. خانەندەلەر (ناخشىچىلار) ئېيتقان شېئىرنىڭ مەتلەئى بۇدۇر:

دىلىڭ شىشە، كۆزلىرىڭ كېزەدۇر ھەر گۇشەنى،
مەست سەنۇ شوخلۇق بىلەن سۇندۇرما ناگاھ شىشىنى.

ئىنساپ شۇدۇركى، ئەمىر تېمۇر خەزىنىسىگە نىسبەتەن، بۇ مەتلەئ ئىنئامى خۇسۇسىدا (شاھزادە) كەم ھىممەتلىك قىلىپتۇ.

ئەمما، سۇلتانزادە خەلىلۇللاھ ساھىبقىرانى ئەئزەم ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ... ۋاپاتىدىن كېيىن سەمەرقەنت تەختىگە ئولتۇردى. شاھزادە خۇش سۈرەت، ياخشى خۇلقلۇق كەرەملىك، خۇش تەبىئەتلىك

ئىدى. ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ھۆكۈمرانلىقى يىللىرىدا ئىران ۋە تۇران خىراجىدىن جەملەنگەن خەزىنىسىنى ئاچتى. نەيسان بۇلۇتىدىن ياغقان يامغۇر، بەلكى بەدەخشان لەئل كانى، ئۇممان دېڭىزى⑦دەك كۆپ ئالتۇن ـ جاۋاھىرنى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارغا ئىنئام قىلدى. پەزىلەت ئىگىلىرى ئۇنىڭ زامانىدا تارتۇقلاندى ... شۇنداق قىلىپ، ساھىبقىران ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن بىر ـ بىرلەپ جەملىگەن خەزىنىنى سۇلتان خەلىل قاپ ـ قاپلاپ ئىنئام قىلىپ بېرىۋەتتى.

(خەلىل سۇلتان) پايتەخت (شەھەر) سەمەرقەنت ۋە ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتىگە تۆت يىل پادىشاھ بولدى. ئاخىر خۇدايداد ھۇسەينىي، خۇدايداد جەتە⑧ بەردىبەگ ۋە باشقا ئەمىرلەر ئۇنىڭغا قارشى بۆلۈنۈپ چىقتى. بۇنىڭغا (خەلىل سۇلتانىنىڭ) ئەمىر خاجە سەيفىددىنىنىڭ كېنىزەكلىرىدىن شاد مۇلك ئاغانى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشى ۋە ئاشۇ خوتۇنىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلىششى سەۋەب بولدى. ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدى ۋە ھىجرىيە 811 ـ يىلى (مىلادىيە 1408 ـ يىلى) شاھزادە خەلىلنى نەزەربەند قىلىپ، شاد مۇلك ئاغانىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىشتى. شاھزادىنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ شاھرۇخىيە قەلئەسىگە قامىدى. ئىسيانچى ئەمىرلەر پايتەخت شەھەر سەمەرقەنتتە [تۇرۇپ] مەملىكەتنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىشقا باشلىدى ...

تۈزكۇر ئەمىرلەر ئىستېلاسى ۋە ئەمىرزادە خەلىل سۇلتانىنىڭ نەزەربەندكە ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر شاھرۇخ سۇلتانىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ھامان، شاھرۇخ سۇلتان ھىراتتىن سەمەرقەنتكە قاراپ زور قوشۇن تارتتى. شاھرۇخنىڭ غالىب لەشكەرلىرى جەيھۇندىن ئۆتۈشى بىلەن پەسنەسەب ۋە تۈزكۇر (ئەمىرلەر)نىڭ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە قۇۋۋىتى يەتمەي، پايتەخت سەمەرقەنتنى تاشلاپ، تۈركىستان تەرەپكە قاچتى. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى سەمەرقەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ئاھالىلىرى تالان ـ تاراج قىلدى.

## ھېكايەت

شاھرۇخ سۇلتان سەمەرقەنت تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن تېمۇرنىڭ كۆكسارايى ۋە شەھەر ئەركىدە يوشۇرۇپ قويۇلغان خەزىنىسىگە كىردى. (لېكىن)، ھاماقەتلەرنىڭ مېڭىسى ئەقىلدىن، جاھىللارنىڭ قەلبى بىلىمدىن خالىي بولغىنىدەك، [شاھرۇخمۇ] ئاشۇ خەزىنىنى مال ـ دۇنيادىن خالىي ھالەتتە كۆردى. تۇيۇقسىز، مىرزىنىڭ ھاسىسىنىڭ ئۇچى بىر دىرھەمگە تەگدى. ئۇنى ئېلىپ ھەميىنىغا سالدى. كېيىن ھەمراھلىرىغا قاراپ: «بىز شۇ دىرھەم ھەققى، ئاتىمىزدىن قالغان خەزىنە ۋە مىراستىن بەھرىمەن بولدۇق» دېدى، كېيىن بوشاپ قالغان خەزىنىدىن چىقتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاھزادە خەلىل سۇلتان قاماقتا تۇرغاندا بىر غەزەل يېزىپ تاغىسى مىرزا شاھرۇخقا ئەۋەتكەنىكەن ... شاھرۇخ سۇلتان شاھزادە خەلىلنىڭ بۇ غەزىلىنى ئوقۇپ يىغلاپ تاشلىغان ۋە ئۆز شاھانە ھىممىتىنى ئاشۇ كۇفرانى نېمەت تائىپىنى تامام ۋۇجۇدى بىلەن يوقىتىۋېتىشكە قاراتقان. مىرزا شاھرۇخنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرلىرىدىن مەزىد ئىختىيار نامى بىلەن مەشھۇر ئەمىر شاھمەلىك بىر تەدبىر قوللىنىپ ئۇلار ئارىسىغا ئىختىلاپ سالدى. [نەتىجىدە]، خۇدايداد جەتە خۇدايداد ھۇسەينىينى ئۆلتۈردى. قالغانلىرى ئۆز ـ ئۆزلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتى مىرزا شاھرۇخ تەسەررۇپىغا كىردى. سۇلتان خەلىل نەزەربەندتىن خالاس قىلىنغاندىن كېيىن، تاغىسىنىڭ دۆلەت بىساتىنى سۆيۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. شاھرۇخ سۇلتان شاھزادە خەلىلگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەپقەت كۆرسەتتى (ۋە) ئۇنى ئۆزى بىللە ئېلىپ جەيھۇندىن ئۆتتى. سەمەرقەنت سەلتەنەتى ۋە ھۆكۈمىتىنى بولسا سادىق پەرزەنتى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئىنئام قىلدى. ئەمىر

كىتاب نۇر بىلگى www.uyghurkitap.com

شاھمەلىكنى شاھزادە مۇلازىمىتىدە قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 811 (مىلادىيە 1409) ـ يىلى يۈز بەرگەن.

شاھرۇخ سۇلتان شاھزادە سۇلتان خەلىلنى ھىراتقا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا رەي، قۇم، ھەمەدان، دىنۋار، تا باغدادقىچە (يەرلىرى بىلەن قوشۇپ) بولغان ۋىلايەتلىرىنىڭ ھاكىملىقىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. [كېيىن]بايراق، قوش ناغرا ۋە نەقارەخانەنى⑨ قوشتى ھەم ئۇلۇغ ئەمىرلەرنى ئۇنىڭ داغدۇغىسى ئۈچۈن بىر مەزگىل [ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ] ئەۋەتتى.

سۇلتان خەلىل تاغىسىنىڭ نائىبى سۈپىتىدە ئاشۇ ئۆلكىلەرگە ئىككى يېرىم يىل ھاكىملىق قىلدى. ھىجرىيە 814 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى (مىلادىيە 1411 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) رەيدە تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە يەتتى. ئۇ يىگىرمە سەككىز يىل ئۆمۈر كۆردى.

## خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي⑩

خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي بۇزرۇكۋار، پەزىلەتلىك ۋە بىلىملىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ نەسەبى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبقا ... ئۇلىنىدۇ. خاجە ئىسمەتۇللاھنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇخارادا كاتتا ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئىكەن. ئاتىسى خاجە مەسئۇد بۇخارا ئۇلۇغلىرىدىندۇر. خاجە ئىسمەتۇللاھ ئەنە شۇنداق ئالىي زاتلىقىغا قارىماستىن، شائىرلىق شىۋىسىدە مەيلى قەسىدە ئېيتىش ۋە غەزەلىياتتا، مەيلى مەسنەۋىي ۋە قىتئە يېزىشتا بولسۇن، ۋە مەيلى باشقا ئۇسلۇبلاردا بولسۇن، ھەممىسىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ۋە ماھىرلاردىن ئىدى.

خاجە ئىسمەتۇللاھ سۇلتان خەلىل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۇنىڭ پەرۋىشىنى تاپقان. شاھزادە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېھتىرام قىلاتتى. ئۇ شاھزادىنىڭ دائىملىق ئۈلپىتى ۋە ھەمسۆھبىتى ئىدى. ھەسەتچىلەر ۋە غەرەزگۈيلار خاجىنىڭ شاھزادىگە يېقىنلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مالامەت قىلىشتى. لېكىن، بۇ ئەزىزنىڭ كۆڭلى ۋە نەزىرى بۇنىڭدىن پاك ئىدى. سۇلتان خەلىل شېئىر ئىلمىنى خاجە [ئىسمەتۇللاھ]تىن ئۆگەندى.

خاجە ئىسمەتۇللاھنىڭ ئاشىقانە غەزەللىرى ئارىفانە سۆزلىرى شاھرۇخ سۇلتان زامانىدا شۇقەدەر زور شۆھرەت تاپتىكى، خەلق باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قولغا ئالماي قويدى. بۇ كۈنلەردە خاجىنىڭ شېئىرلىرى ئەستىن چىققان. مانا بۇ مەسنەۋىي تەزكىرە مۇئەللىپىدىن:

قايىندى ئىسمەت دىلى چەشمە مىسال،
سۆزلىرى ئاشىقلىرىنى قىلدى لال.

نۆۋەتلىكتۇر چەرخنىڭ يېشىل ئېتى،
كەلگەي ھەر بەش كۈندە كىمسە نۆۋىتى.

تۈتىلار كەتتى قىلىپ تەركىي جاھان،
قالدى بۇلبۇل خۇش ئاۋازى بۇ زامان.

بۇ چىمەندە ئىدى بۇلبۇل بىئەدەد،
قىلدى بۇلبۇللارنى ئۇ مىلك بارە ياد.

پۈتتى ئۇ بۇلبۇلنىڭمۇ سەيرى بېغى،
كەلدى ئۇنىڭ ئورنىغا سايراقراغى.

ھازىر ئۇ بوستاندا سايرار گۈل قوچۇپ،
ئاقىۋەت، بىر كۈن ئۇمۇ كەتكەي ئۇچۇپ.

ئەمما، خاجە ئىسمەتۇللاھ ئالەم پادىشاھى ئۇلۇغبەگ كۆرەگان ھۆكۈمرانلىقى زامانىدا ھۆكۈمرانلارنى مەدھىيىلەشنى تەرك ئەتتى. نامى زىكىر قىلىنغان سۇلتان ئۇنىڭدىن شېئىر ئېيتىشنى يالۋۇرۇپ سورىدى. [شۇنىڭ ئۈچۈن]، ئۇ زۆرۈرىيەتتىن ئۇ ھەزرەتنى مەدھىيىلەپ بىرنەچچە قەسىدە يازدى. ئاخىر شېئىر يازماي قويدى [شۇنداق بولسىمۇ]، ئۇنىڭ شارايەتلىك مەجلىسى شائىرلار تىلىكى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ توپلىنىدىغان جايى بولۇپ قالدى. مەۋلانا بىساتىي سەمەرقەندىي، مەۋلانا خەيالىي بۇخارىي، مەۋلانا بورۇندۇق، خاجە رۇستەم خورىيانىي ۋە تاھىر ئەبىۋەردىي... خاجە ئىسمەتۇللاھ بىلەن سۆھبەتداش، ئەسىرداش ئۇلۇغلار ۋە شائىرلار جۈملىسىدىندۇر. خاجە ئىسمەتۇللاھ ئۇلۇغبەگ كۆرەگان زامانىدا ھىجرىيە 829 (مىلادىيە 1426) ـ يىلى ۋاپات بولغان ...

ئەمما ... ئالىم، ئادىل، غالىب [ۋە] ھىممەتلىك پادىشاھ ئۇلۇغبەگ كۆرەگان... يۇلتۇزلار ئىلمىدە ئاسمانغا قەدەر يۈكسىلىپ باردى. مەنىلەر ئىلمىدە قىلنى قىرىققا ياردى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئالىم ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى يۈكسەكلىك چوققىسىغا كۆتۈرۈلدى.

[مىرزا ئۇلۇغبەگ] ھەندەسە (گېئومېتىرىيە) ئىلمىدە [ھەرقانداق] چىگىشلەرنى يەشكۈچى، ھەيئەت ئىلمىدە مەجىستىكۇشا[11] ئىدى. پەزىلەت ئىگىلىرى، ھەكىملەرنىڭ يەكدىل پىكىرلىرى شۇكى، ئىسلامىيەت زامانىدا، بەلكى [ئىسكەندەر] زۇلقەرنەين زامانىدىن شۇ كەمگىچە ئۇلۇغبەگ كۆرەگاندەك ئالىم ۋە پادىشاھ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرمىغان. ئۇ رىيازەت ئىلمىنى شۇ دەرىجىدە ئىگىلىگەنىدىكى، زامانىسىنىڭ [كاتتا] ئالىملىرى، بولۇپمۇ ئۆلىمالار ۋە ھەكىملەر پەخرى قازىزادە رۇمىي[12] ھەمدە غىياسىددىن جەمشىد[13] بىلەن بىرلىكتە يۇلتۇزلار ئىلمىدە رەسەت باغلىدى. [لېكىن]، زامانىسىنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمى رەسەت ئاخىرىغا يەتمەي تۇرۇپ ۋاپات بولۇشتى. سۇلتان [ئۇلۇغبەگ] بار ھىممىتىنى بۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەككە سەرپ قىلدى. رەسەتنىڭ قالغان قىسمىنى مىرزىنىڭ ئۆزى پايانىغا يەتكۈزدى. «زىجى سۇلتانىي»نى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەن زىننەتلىدى. بۈگۈن بۇ زىج ھەكىملەر نەزىرىدە مۆتىۋەر ۋە قوللىنىلماقتىدۇر. بەزى [ئالىم]لار ئۇنى «زىجى نەسىرى ئەلفانىي»[14]دىن ئارتۇق كۆرۈشىدۇ.

[ئۇلۇغبەگ كۆرەگان] سەمەرقەنتتە بىر ئالىي مەدرىسىمۇ بىنا قىلدىكى، ئۇنىڭ بېزەكلىرى، ئەۋزەللىكى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى جەھەتتىن يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى يوق. ھازىر بۇ ئالىي مەدرىسىدە يۈزدىن ئارتۇق تالىپ ئوقۇپ ئىستىقامەت قىلماقتا.

ئۇ ئاتىسى شاھرۇخ باھادىر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سەمەرقەنت ۋە ماۋەرائۇننەھرنى قىرىق يىل مۇستەقىل ئىدارە قىلدى. سۇلتان ئۇلۇغبەگ سەلتەنەتنى باشقۇرۇش، ئەدل ۋە ئىنساپتا مەقبۇل يول تۇتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرىدە تۆت خەرۋار ھوسۇل بېرىدىغان بىر جەرىب[15] يەردىن مال ۋە خىراج ئۈچۈن تۆت دانەك فۇلۇس[16] سېلىق ئالغان، بۇ بىر دانەك كۈمۈش دىرھەمگە[17] تەڭدۇر...

### ھېكايەت

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پاراستى ھەم خاتىرىسىنىڭ قۇۋۋىتى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ھەر جايدا بىرەر جانىۋارغا ئوق ئېتىپ ئوۋ قىلسا، بۇ تارىخنى ئەسلەپ قالاتتى، ۋەقەنىڭ قايسى كۈنى، قەيەردە سادىر بولغانلىقىنى، قايسى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلانغانلىقىنى دەپتەرگە پۈتۈپ قوياتتى. تاسادىپىي، ئاشۇ دەپتەر غايىب بولدى ۋە ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى، دەپتەرنى ساقلىغۇچىلار ساراسىمىگە چۈشۈشتى. پادىشاھ: «تەشۋىش قىلماڭلار، مەن دەپتەرگە يېزىلغان (گەپ)لەرنى باشتىن ـ ئاياغ ياد بىلىمەن» دېدى. (شۇنىڭدىن كېيىن)، پادىشاھ كاتىپلارنى چاقىرتىپ ئېيتىپ تۇردى، ئۇلار يېزىشىۋېلىشتى. يېڭى دەپتەر تولغاندا ئاۋۋالقى [يوقالغان] دەپتەر تېپىلدى. ئىككى دەپتەرنى سېلىشتۇرۇپ تۆت ـ بەش ئىختىلاپلاردىن باشقا پەرق تاپالمىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ ئىستېداتى ۋە ئۆتكۈر زېھنى توغرىسىدىكى بۇنداق نەقىللەر كۆپتۇر.

### ھېكايەت

مەرىپەتلىك شەيخ ئازەرىي(ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ رەھمىتى بولسۇن) [مۇنداق] دېگەن: مەن ھىجرىيە 800 (مىلادىيە 1398) ـ يىلى قاراباغدا ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ قىسسەخانى تاغام بىلەن ئىدىم. ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلەندىم. ئاشۇ ۋاقىتتا خېلى ياشتىم، بىرنەچچە يىل گۆدەكلىك شادلىقىنى شاھزادە بىلەن ئۆتكۈزدۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايتتىم، نەقىل ۋە ھېكايە ئېيتاتتىم. ئۇ مەن بىلەن يېقىن دوست ھەم ئورتاق بولۇپ قالدى. ھىجرىيە 852 ـ يىلى(مىلادىيە 1448 ـ يىلى) مەزكۇر پادىشاھ خۇراساننى ئىشغال قىلدى ۋە ئىسفەرائىنغا كېلىپ چۈشتى. ياشلىق كېتىپ، قېرىپ قالغانىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، شاھ ھۇزۇرىغا باردىم. شاھ مېنى ئۇزاقتىن پېقىرلىق ۋە تەقۋادارلىق لىباسىدا كۆردى. سالامدىن كېيىن: «ئەي دەرۋىش، سەن تونۇش ھەمسۆھبىتىمىز سىياقىدا كۆرۈنىسەن، قىسسەخانىمىزنىڭ جىيەنى ئەمەسمۇسەن؟» دەپ سورىدى. مەن شاھنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، پاراسەت ۋە پاك ئىدراكىدىن لال بولۇپ، دېدىم: «ھەئە جانابلىرى، قىسسەخانىڭ جىيەنىمەن» ئۇلۇغبەگ قاراباغدا ئېيتىلغان ھېكايەتلەر، گۇرجىستان يۈرۈشلىرى ھەمدە ئەزەربەيجان ئاجايىباتلىرىنى ئارىغا سالدى، مەن يادىمدا قالغانلىرىنى ئېيتىپ بەردىم.

شاھرۇخ سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن، مىرزا ئۇلۇغبەگ مىراس قالغان مۈلۈكنى تەلەپ قىلىپ، ماۋەرائۇننەھردىن خۇراسانغا لەشكەر تارتتى. ئەمىرزادە ئەلائۇددەۋلە ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار بادغىسقا قاراشلىق تەرناب دېگەن جايدا سوقۇشتى. ئۇلۇغبەگ كۆرەگان غەلىبە قازىنىپ، پۈتكۈل خۇراساننى قولغا كەلتۈردى. [ئاشۇ چاغدا] ئۇنىڭ توقسان مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. بۇ ئۇرۇش ـ تالاشتا خۇراسان خارابىگە ئايلاندى. ئاشۇ ۋەيرانچىلىقتىن قالغان ئاسارەت ۋە ئىزلار ھازىرمۇ بار.

ھىجرىيە 852 ـ يىلى رامىزان (مىلادىيە 1448 ـ يىلى 11 ـ ئاي) ئېيىدا ئۇلۇغبەگ كۆرەگان خۇراساننى ئىشغال قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، ئەبۇلخەيرخان⑱ سەمەرقەنتنى قامال قىلدى. ئۇلجا كۆپ بولغاچقا، ئۇلۇغبەگ سۇلتانىنىڭ لەشكەرلىرى ئولجىلارنى (تېزرەك) ئۆز يۇرتلىرىغا يەتكۈزۈش پېيىگە چۈشتى ۋە گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ تارقىلىپ كېتىۋەردى. [بۇنداق شارائىتتا]، مىرزا ئۇلۇغبەگ [ماۋەرائۇننەھرگە] قايتىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. ئۇ ئىراق يۈرۈشى بىلەن بەند ئىدى. جۇۋەينىگە قاراشلىق ئابى رەۋشەن سۇيىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ئارقىغا قايتتى.

شۇ ئەسنادا، پايتەخت ھىراتقا قاراشلىق نىراتۇ قەلئەسىدە قاماقتا ياتقان قارا يۇسۇف تۈركمەنىنىڭ

ئوغلى ئەمىر يارئەلى قاماقتىن قۇتۇلۇپ ھىراتقا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئىگىلىدى. بۇ ۋەقە ئۇلۇغبەگ كۆرەگان تەلىيىنىڭ پەسلىشىگە سەۋەب بولدى.

[ئۇلۇغبەگ مىرزا] بەلخ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يەرلەرنى ئوغلى ئابدۇللەتىفكە بېرىپ، ئۆزى جەيھۇندىن ئۆتتى. [ئۇلۇغبەگ] كىچىك ئوغلى ئابدۇلئەزىزنى [كۆپرەك] ئەزىزلىگىنى ۋە ھۆرمەتلىگىنى تۈپەيلىدىن ئابدۇللەتىفنى شەيتان يولدىن ئازدۇرۇپ ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلدۇردى. ئۇ ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلۇغبەگ كۆرەگان ئۈچ ئاي مابەينىدە جەيھۇن بويىدا ئابدۇللەتىف بىلەن ئۇرۇش قىلدى. شۇ پەيتتە تۈركىستان تۈركلىرىدىن ئارغۇن قەبىلىسى بەختىيار سۇلتان ئەبۇسەئىدنى پادشاھ قىلىپ كۆتۈردى. ئۇلار ئۇلۇغبەگ ئوردىسىنى تاشلاپ سەمەرقەنت تەرەپكە يۈردى ۋە ئۇنى قامال قىلدى. بۇ ھال ئۇلۇغبەگنى يەنىمۇ ئالدىرىتىپ قويدى. نەتىجىدە، ئۇ سەمەرقەنتنى ئىختىيار قىلىپ ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئابدۇللەتىفمۇ جەيھۇندىن ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە يۈردى... ھىجرىيە 853 ـ يىل شەئبان (مىلادىيە 1449 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئاي) ئېيىدا سەمەرقەنت يېنىدىكى ئاتا ـ بالا ئۇرۇشىدا ئابدۇللەتىف غالىب كەلدى. ئۇلۇغبەگ مىرزا سەمەرقەنت قەلئەسىدىن پاناھ تاپماقچى ئىدى. لېكىن، ئۆزى بېشىنى سىلىغان ئەمىرلەردىن مىرانشاھ قاۋچىن تۇز كورلۇق قىلىپ ئۇنى قەلئەگە كىرگۈزمىدى. [شۇنىڭدىن كېيىن]، ئۇ نائىلاج تۈركىستان تەرەپكە قاچتى. ئابدۇللەتىف سەمەرقەنت تەختىنى ئىگىلىدى. گۇماشتىلىرى شاھرۇخىيە [قەلئەسى] گىمۇ كىرگۈزمىگەنلىكتىن، ئۇلۇغبەگ كۆرەگان ئەبۇلخەيرخان ھۇزۇرىغا يالۋۇرۇپ بېرىشنى ئويلىدى. ئەمما، ئاتا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا شەپقەت بولۇشى لازىملىقىنى ئويلاپ، بىمۇرۇۋۋەت پەرزەنتى ئالدىغا، يەنە سەمەرقەنتكە كەلدى. مەزكۇر يىلنىڭ رامىزان ئېيى (1449 ـ يىلى 10 ـ ئاي) ئىدى ... بەتبەخت پەرزەنت باشتا ئاتىغا ئىززەت ۋە ئىكرام كۆرسىتىپ كۆڭلىنى ئالدى، ئەمما ئۇنى يەنە شەيتان يولدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ دىلىدا ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش ھىرسىنى ئويغاتتى. ئۇ سەمەرقەنت يېنىدىكى ئابى سەبۇھ بويىدا ئالىم، ئادىل پادىشاھنى شېھىت قىلدى. ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتمەي ئەجەل جاللىتى ئۇنىڭدىن (ئابدۇللەتىفتىن) ئىنتىقام ئالدى. [ئابدۇللەتىف] نېمە تېرىغان بولسا شۇنى ئورۇدى. ئەلۋەتتە، زالىملارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ.

شاھ بولماس ئاتىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم،
ئاشماس ئالتە ئايدىن، ئەگەر بولسا ھەم.

ئەمما، بۈيۈك ئالىم، بەشەرىيەت مۇئەللىمى فەخرىددىن رازىي⑲... «ھەدايىقۇل ـ ئەنۋار» (نۇرلار بېغى) ناملىق كىتابىدا ئېيتىپتۇركى، قەدىم پادشاھلار خانىدانىدىن ھېچكىم شىرويە⑳ ئىبنى پەرۋىز ئىبنى ھۇرمۇزد ئىبنى ئەنۇشىرۋان ئىبنى قۇباد ئىبنى فىرۇز ئىبنى يەزدىجىرد ئىبنى بەھرام گوردىن ئالىيجانابراق پادشاھ بولمىغان. بەھرام [گور] ئاتا تەرەپتىن ئەردەشىر پاپاكانغا، ئەردەشىر ئۆز نۆۋىتىدە ئەفرىدۇنغا، ئەفرىدۇن بولسا كەيۇمەرىسكە بېرىپ ئۇلىنىدۇ. ئاشۇ ئالىيجاناب شاھزادە [شىرويە] پەسكەش بىر ئىش قىلىپ قويۇپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن، يەتتە ئاي ئۆتمەستىن ئۆزى ھەم ۋاباغا ئۇچراپ جەھەننەم يولىنى تۇتقان. [يەنە] ئابباسىي خەلىپىلىرى خانىدانىدىن مۇستەنسىر ئىبنى مۇتەۋەككىل㉑ ئىبنى مۇئتەسىم ھارۇنەر ـ رەشىد ئىبنى مەھدىي ئىبنى مەنسۇر ئىبنى ھارۇن ئەردەشىر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبدۇللاھ ئىبنى ئەبباسدەك ئېسىلزادە پادشاھ ئۆتمىگەن ... ئەمما، ئۇ[مۇستەنسىر] مۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئالتە ئايغا يەتمەستىن [تەختتىن چۈشۈپ] ئالىي نەسەبىگە پەخىرلىنەرلىك ئادەم بولماي قالغان. ئابدۇللەتىف ئىبنى ئۇلۇغبەگ ئىبنى

شاھرۇخ ئىبنى تېمۇر كۆرەگان...نىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ بەختى قارا شاھزادە پاشلىقىدا شاھرۇخ تەربىيىسىدە ئۆستى، شاھرۇخ سۇلتان ئۇنى باشقا ئەۋلادىدىن ئارتۇقراق سۆيەتتى. شۇقەدەر ئىززەت ـ ئىكرام ۋە شان ـ شۆھرىتى بار تۇرۇپ، شۇ قەدەر بەختى قارىلىق قىلدىكى، ئۇنىڭ زىكرى يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتتى ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرەگان ئەللىك سەككىز يىل ئۆمۈر كۆردى. خۇراساندا ئاتىسىدىن كېيىن سەككىز ئاي، ئاتىسى پادىشاھلىقتا تۇرغاندا سەمەرقەنتتە قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

بىر ئەزىز مانا بۇ تارىخنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋاپاتىغا ئېيتقان:

چۈن ئۇلۇغبەگ ئىلمۇ ھېكمەت دېڭىزى،
كى ئەبىيلەر دىنىگە ھەم بولدى پۇشت.
تاتتى شەھىدلىك بالىنى ئەبباستىن
شۇ سەۋەب ھەرق تارىخى — «ئەبباس كۇشت»(22)

مەۋلانا مۇئەززەم ئەلائۇددىن شاشىي بولسا ئىلىم ۋە ھېكمەتتە زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ماشايىخلاردىن خاجە ھەسەن ئەتتار... ۋە شائىرلاردىن خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي بىلەن كەمال بەدەخشىي ... مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ شاراپەتلىك دەۋرىدە مەيدانغا چىققان ئالىملار، تەرىقەت ماشايىخلىرى ۋە شائىرلار جۈملىسىدىندۇر.

## بۇرۇندۇق بۇخارىي(23)

بۇرۇندۇق بۇخارىي خۇش سۆزلۈك، خۇش تەبىئەتلىك، خۇش چاقچاق، يۇسۇنلۇق كىشى بولۇپ، تەبىئىتى ھەزىل ۋە چاقچاققا مايىل ئىدى. ھەجۋىياتتىن باشقا شېئىرلارنىمۇ كۆچلۈك ئېيتاتتى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك شاھزادە بايقارا ئىبنى ئۆمەر شەيخ سۇلتان ئىبنى ئەمىر تېمۇر كۆرەگان خىزمىتىدە ئىدى. ئۇ بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىن شاھزادە خىزمىتى ئۈچۈن خۇراسان ۋە ئىراققا بېرىپ قالغان. شائىرلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلىش، كېلىشىشتىن ئۆزگە چارىسى بولمىغان. چۈنكى، پاساھەتلىك ۋە ھازىر جاۋاب كىشى بولغانلىقتىن، ھەمسۆھبەتلەر ئۇنىڭدىن چۆچۈپ تۇراتتى. [شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ]، باشقىلار ئۇنى ئۇستاز دەپ ئاتاشقانكەن. خاجە ئىسمەتۇللاھقا قارىتىلغان مانا بۇ بېيىت ئۇنىڭكىدۇر:

گەرچە بۇخارادا ئاشتى خاجە ئىسمەت شۆھرىتى،
سازكى، خۇراساندا يوقتۇر خاجە ئىسمەت ئىسمىتى.

مانا بۇ غەزەلنىمۇ مەۋلانا بۇرۇندۇق ئېيتقان:

لال ئېيتىپ شېرىن لىۋىڭ ھەتتا شېكەرنى قالدۇرۇر،
چىشلىرىڭ مارجانى بەس، دۇررى گۆھەرنى قالدۇرۇر.

قەنت ئۇلارنىڭ بارىدىن قىلسا لاتاپەتنى داۋا،
سۆزۈڭ ئاڭلاپ، ئۇياتتىن قاچقاي، شەھەرنى قالدۇرۇر.

گەر كىرىپ بوستانغا سەن ئەتسەڭ خىرام خەندان ئۇرۇپ،
گۈل كۆلەر خەندانلىرى ئاھاڭدا زەرنى قالدۇرۇر.

زۇلفى زەنجىرىڭگە بەنت يەلمۇ ئۆتەلمەس، ۋادەرىغ،
چۈنكى ئۇ بىمار بولۇپ سەندىن ئۆزەرنى قالدۇرۇر.

ئۆتسە بۇ ئالەمدىن ئادەملەرگە بولۇپ يادكار،
بۇ بۇرۇندۇق سۆزلىرى، فەزلۇ ھۈنەرنى قالدۇرۇر.

ئېيتىشلارچە، شاھزادە بايقارا بەلخ تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن شائىرنى سارايغا چاقىرىپ يوتۇلگەن نامە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەش يۈز دىنار بېغىشلىغانىدى. لېكىن پەرۋانىچى㉔ ئىككى يۈز دىنار يېزىپ قويغانىكەن. مەۋلانا بۇرۇندۇق مانا بۇ قىتئەنى يېزىپ شاھزادىگە تەقدىم قىلدى:

دوستىنىمۇ، دۈشمەنىنىمۇ سىلىغۇچى شاھ،
جاھانگىردۇر ـــ مەگەر ئۇ جاھانداردۇر.

بەش يۈز ئالتۇن ماڭا ئىنئام ئەيلىدى،
بەندىسىگە شاھ لۇتفى بىسىياردۇر.

يارلىقىمدا ئىككى يۈز رەقەم باردۇر.
يا پەرمانىنى مەن خاتا ئېشىتتىممۇ؟
يا خاتاغا يول قويغان خەزىنىداردۇر؟

بەلكى تۈركىي ھېساباتتا كىم بىلسۇن،
بەش يۈز ئالتۇن شۇ ئىككى يۈز دىناردۇر؟
جۈملىدىن ئىنئامىنىڭ ئۈچ يۈزى يوق،

كەرەملىك شاھزادە بايقارا باھادىر بۇ قىتئەنى مۇتالىئە قىلىپ كۈلۈپ تاشلىغان ۋە مەۋلاناغا تەھسىنلەر ئوقۇپ [مۇنداق] دېگەن: «تۈركچىدە مىڭ دىنارنى بەش يۈز ئالتۇن دەيدۇ» ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە مەۋلاناغا نەق مىڭ دىنار كەلتۈرۈپ بەرگەن.

ئەمما، ئالىي دەرىجىلىك سۇلتان ئۆمەر شەيخ باھادىر ساھىبقىران ئەمىر تېمۇر كۆزىنىڭ قارىسى ئىدى. ساھىبقىران ھوزۇرىدا قۇدرەتلىك پەرزەنتلىرىدىن بىرەرى ئۇنىڭچىلىك ئالىي مەرتىۋە ئىگىسى بولمىغان. دەسلەپ ئەندىگان ئاتالغۇچى فەرغانە مۈلكىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. [ئۇ] زور شجائەت ۋە مەردانىلىك بىلەن موغۇل خانلىرى يوپۇكىنى پەسەيتىپ، قەمەرىددىن㉕نى خاراب، زەئىپ قىلدى. موغۇللار ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، زوراۋانلىق قولىنى پەرغانە چېگرىلىرىدىن تارتتى. [ھەتتاكى]، ئۆمەر شەيخدىن قورققانلىرىدىن ئاسايىشتەلىكلىرىنى يوقاتتى.

[ئۆمەر شەيخ] بىرنەچچە ۋاقىت ئاشۇ دىيارنى ئىدارە قىلدى. ساھىبقىران ئۇنىڭ ئالەمنى بېزىگۈچى پېشانىسىدە سەرۋەرلىك نىشانىنى كۆرۈپ، پارسنى بەسرە ۋە خۇزىستانغىچە بولغان يەرلەر بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. بۇ ئالىي دەرىجىلىك ... سۇلتاننىڭ تەقدىرى ئەزەل توپەيلىدىن رۇمغا لەشكەر تارتىپ بېرىۋاتقىنىدا، خۇزىستان قەلئەسىدىن بىرىنى ئېلىش پەيتىدە ئوق تېگىپ شېھىت بولدى ...

ساھىبقىران بۇ مەغپىرەتلىك شاھزادىنىڭ مەنسىپىنى ئەزىز پەرزەنتلىرىگە بەردى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھۆكۈمەت ۋە سەلتەنەت بىلەن مۇشەررەپ بولۇشتى ... ئەمما، بايقارا باھادىر ئۆمەر شەيخ باھادىرنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى ... ئۇ ئاكا ـ ئىنىلىرى (مىرزا ئىسكەندەر ۋە مىرزا رۇستەم) ۋەقەسىدىن㉖

كېيىن، پارستا باش كۆتۈردى. كۆپلىگەن ئۇرۇشقا ماھىر لەشكەرلەرنى توپلاپ، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلدى ... شاھرۇخ سۇلتان ئۇنىڭ تانابىنى تارتىش مەقسىتىدە ھىجرىيە 818 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 2 ـكۈنى (مىلادىيە 1414 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) پارسقا لەشكەر تارتتى. بايقارا باھادىر تاغىسى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى. لېكىن، ئەمىرلىرى خائىنلىق قىلىپ تاشلاپ كېتىشتى. مىرزا بايقارا چۆل، باياۋان ئارقىلىق كەچ ۋە مەكرانغا قاراپ قاچتى؛ بىرنەچچە ۋاقىت چۆل ـ باياۋانلاردا يۈردى. غۇر ۋە گەرمسىر㉗ ئەتراپىدا ئىككىنچى قېتىم شاھرۇخ سۇلتان بىلەن قارشىلاشتى. شاھرۇخ سۇلتان دائىم ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ يۈردى. ھىجرىيە 816 ـ يىلى (مىلادىيە 1416 ـ يىلى) ئۇ باش ئېگىپ، تاغىسى ھۇزۇرىغا كەلدى. شاھرۇخ سۇلتان ئۇنى ماۋەرائۇننەھرگە ئەۋەتتى. شاھرۇخ سۇلتاننىڭ رازىلىقى، ئۇلۇغبەگ كۆرەگاننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا، بۇنداق بولمىغان، بەلكى سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلگىنى شاھزادە بايقارا ئەمەس، شاھرۇخ شاھزادە بايقارانىمۇ ئۆردىسىدا شېھىت قىلغان.

## شەيخ ئازەرىي㉘

شەيخ ئازەرىي مەرىپەتتە يېگانە، ھەقىقەتچى ۋە ئالىي ھىممەت كىشى بولۇپ، ھەمىشە خۇداگۇيلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، دۇنيا ئىشلىرىغا ئىلتىپاتى كەم ئىدى. قىرىق يىل پېقىرلىق ۋە قانائەت بىلەن جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۈن كەچۈردى. شاراپەتلىك خاتىرىنى نەپس ئارزۇسى يولىدا رەنجىتمىدى. پەزىلىتىدە زاھىر ۋە باتىن ئىلىملەر بېزەلگەن، تەرىقەت ۋە مۇجاھىدەتتە سادىق دەم ۋە مەزمۇت قەدەم ئىدى. ئىسمى ھەمزە ئىبنى ئەلى مەلىك ئەتتۇسىي، تەخەللۇسى «بەيھەقىي»دۇر.

شەيخ [ئازەرىي]نىڭ ئاتىسى بەيھەق سەربەدارلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، نەسەبى ساھىبى دەۋلەت مۇئىنىددىن ئەھمەد ئىبنى زەمچى㉙ ئەلھاشىمىي ئەلمەرۋەزىيگە ئۇلىنىدۇ. [ئىسمى] خاجە ئەلى مەلىك سەربەدارلار زامانىدا ئىسفەرائىندا ھوقۇق ئىگىسى ئىدى.

شەيخ [ئازەرىي] يىگىتلىك چېغىدا شېئىر يېزىش ھەمدە شائىرلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ زور شۆھرەت تاپتى. خاجە ئەبدۇلقادىر ئۇدىي ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىش نىيىتىدە شەيخنى خاجە سەلمان [ساۋەجىي]نىڭ بىرنەچچە قەسىدىسى بىلەن ئىمتىھان قىلغان. لېكىن، يېڭىلىپ قېلىپ، بۇنىڭغا [شەيخنىڭ] ئۇلۇغلار نەزىرىدىكى ئېتىبارىنى باھانە قىلغان.

مۇسۇلمانلار ھامىيسى پادىشاھ [شاھرۇخ سۇلتان] ئۇنىڭ تەزىم ۋە تەربىيىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا مەلىكۇش ـ شۇئەرالىق لاۋازىمىنى ۋەدە قىلغان. ئەمما، شۇ چاغدا ھەقىقەت دۇنياسىنىڭ شامىلى ئۇنىڭ ئەتىر ھىدلىق كۆڭۈل بېغىغا قاراپ ئەستى، جاھاننى تاۋلىغۇچى ئاپتاپ ئۇنىڭ غەم ـ غۇسسىلىك كۆلبىسىنىڭ تۈڭلۈكىدىن پېقىرلىق شولىسىنى چاچتى ... پېقىرلىق ۋە پانىيلىق كوچىسىغا كىردى. تۈرلۈك تەكەللۇپلار ۋە پايدا ـ زىياننى باھاسىزلىق شامىلىغا سورىدى. شەيخلەر شەيخى ساھىب مەرىپەتلەر قىبلىگاھى شەيخ مۇھىئۇددىن تۇسىي غەززالىي㉚ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولدى. ئۇنىڭدىن تەرىقەت ۋە ھەدىسنى ئۆگەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەجگە ماڭدى. [شەيخ] مۇھىئۇددىن تەڭرى ھىمايىسىدە بولمىش ھەلەب شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەيخ ئازەرىي سەييىد نىئمەتۇللاھ㉛ ھۇزۇرىغا باردى ۋە بىرنەچچە ۋاقىت ئۇنىڭ خىزمىتىدە سۈلۈك بىلەن مەشغۇل بولدى. [كۆپ ۋاقىت] رىيازەت ۋە مۇجاھىدات چېكىپ سۈلۈك كەسىپ قىلغاچقا ئۇ ھەزرەتتىن تەۋەررۇك خىرقە ئېلىپ، [جاھان] ساياھىتىگە مەشغۇل بولدى. ئۇ ئوتتۇز ئەۋلىيا بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى تاپتى. پىيادە ئىككى قېتىم ھەجگە بېرىپ كەلدى. بىر يىل مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش

كەچۈردى. ئاشۇ يەردە [كەبىنى] زىيارەت قىلىش تەرتىپلىرى ۋە كەبە تارىخىدىن بەھس يۈرۈتكۈچى «سەئىەس ـ سەفا» (يورۇقلۇققا ئىنتىلىش) ناملىق كىتابىنى يازدى. [شۇنىڭدىن كېيىن] ئۇ ھىندىستانغا باردى ۋە بىرنەچچە ۋاقىت ئاشۇ دىياردا ئىستىقامەت قىلدى.

## ھېكايەت

گۇلبەرگە㉜ پادىشاھلىرى جۈملىسىدىن ھىندى شاھى سۇلتان ئەھمەد㉝ شەيخ ئازەرىيگە ئەللىك مىڭ دىرھەم ئىنئام قىلدى، بۇ ئۇلار ھېسابىدا بىر لەك ئىدى. ئۇ ئىنئامنى تۈگۈپ كەلدى ۋە بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن شەيختىن پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ، بېشىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شەيخ بۇ ئىنئامنى ئالمىدى ۋە (پادىشاھقا) سەجدە قىلىشقا كۆنمىدى. (شەيخ ئازەريي) بۇ توغرىسىدا بىر بېيىت ئېيتقان:

تەرك ئېتىپ ھىندۇنى مەن قېرى جەيپال㉞ دېگەيمەن،
جۇنە㉟ كىبرۇ ھاۋاسىن ئارپىغا ئالمىغايمەن.

[شەيخ ئازەريي] ھىندىستان سەپىرىدىن كېيىن قانائەت ئايىغىنى ھىممەت ئېتىكىگە يوشۇردى. جاھانگەشتىلىكتىن قايتىپ، ئالەم پەرىشتىلىرى تاماشاسى ئۈچۈن بېشىنى تەپەككۇر گىردابىغا ئەگدى. دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭكىگىمۇ بارمىدى. ئوتتۇز يىل تائەت ـ ئىبادەت بىلەن [بىر يەردە] ئولتۇردى. ئەكسىچە دىن ئەھلى، مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ نامايەندىلىرى ئۇنىڭ سۆھبىتىگە بېرىپ تۇرۇشتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ سۇلتانزادە سۇلتان مۇھەممەد ئىبنى بايسۇنقۇر㊱ ئىراققا يۈرۈش قىلغاندا شەيخ ئازەرىينى زىيارەت قىلىپ بارغان. شەيخ ئۇنىڭغا ئادالەت ۋە شەپقەت قانۇنلىرىدىن پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلغان. شاھزادىدە شەيخكە نىسبەتەن تولۇق ئېتىقاد پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا بىر ھەميان ئالتۇن تۆكۈشنى بۇيرۇغان. شەيخ بۇ ئىنئامنى ئالمىغان ۋە مانا بۇ بېيىتنى ئېيتقان:

كەلتۈرۈپ ئالدىمغا سەن چاچقان بۇ تىللا،
كېلىپ ئۆزۈڭ تۇرغىنىڭدىن ئەمەس ئەلا.

زامان تالىبى ئىلىملىرى جۈملىسىدىن ۋە ئاشۇ يەردە ھازىر بولغان مەۋلانا مۇجاھىد ھىندىي مەزكۇر ئالتۇندىن بىر ئوچۇمنى ئېلىپ: «ئەي شەيخ، سەن بۇ ئىنئامنى زورىغا ئۆزۈڭگە ھارام قىلدىڭ، تەڭرى ئۇنى ماڭا ھالال قىلدى.» دېدى ۋە مۇجاھىد بىمۇجاھىدلىق بىلەن ئاشۇ تىللالارنى ھەميىنىغا سالدى ...

شەيخنىڭ بىلىمى، غايىبدىن بىلگەن ھەقىقەت ۋە مەرىپەتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى بۇ تەزكىرە سىغدۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ شاراپەتلىك دىۋانى [بارچە] ئىقلىملاردا مەشھۇردۇر. [شەيخ ئازەرىينىڭ] دىۋانىدىن باشقا يەنە نەزم ۋە نەسر شەكلىدە يازغان بىرقانچە رىسالىلىرى جۈملىدىن، ھېكمەتلەر، مەسەللەر، ماقالىلار، مۇشكۇل شېئىرلار، شەرھى توپلىمىدىن ئىبارەت «جەۋاھىرۇل ـ ئەسرار»، «سەئىەس ـ سەفا»، «تۇغرايى ھۇمايۇن» ھەمدە «ئەجايىبۇل ـ غەرايىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى باردۇر.

شەيخ ئازەرىينىڭ ۋاپاتى ھىجرىيە 866 ـ يىلى (مىلادىيە 1462 ـ يىلى) ئىسفارائىن قەسەبەسىدە يۈز بەردى. ئۇ سەكسەن ئىككى يىل ئۆمۈر كۆردى. شەيخنىڭ نۇرلۇق مەقبەرىسى [ئاشۇ] ئىسفەرائىن

www.nurghunkitap.com

قەسەبەسىدىدۇر. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بارلىق مال ـ مۈلكلىرىنى ئۆزى بىنا قىلغان خانىقاھقا سالىھلار، زاھىدلار، غېرىبلار ۋە تالىبى ئىلىملەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن ۋەخپە قىلغانىدى. ئۆزىمۇ ئاشۇ خانىقاھدا دەپنە قىلىنغان. شۇ كۈنلەردە شەيخنىڭ پاكىز قەبرىسى خانىقاھسىدا دەرس بېرىش، ساۋاق ئېلىش زىيارەتچىلەر ئىلتىجاسىنىڭ رۇشنالىقى روناق تېپىپتۇ. سۇلتان ۋە ھاكىملار، شەيخنىڭ پۇركۇشايىش روھى ھۆرمىتىگە ئاشۇ خانىقاھ ۋە مازاردا دائىمىي ئىستىقامەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن ھەممىشە ئېھسان بېرىپ تۇرۇشتى. بۇ (مازارنىڭ دارامىتى) بارچە سېلىقلاردىن ئازاد قىلىنغان، ۋەسسالام ...

## سىمىي نىشاپۇرىي[37]

سىمىي نىشاپۇرىي قابىلىيەتلىك ۋە ئالىم كىشى. ئاۋۋال نىشاپۇردا، كېيىن مۇقەددەس مەشھەد شەھىرىدە ... تۇرغۇن بولدى. مەكتەپدارلىق ۋە مۇئەللىملىك بىلەن مەشغۇل بولدى. ئالتە خىل نۇسخىسىدا خەت يازاتتى. كاتىپلىق ئىلمى، شېئىر ھۈنەرلىرى ۋە مۇئەممىا ئىلمىدە زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق (كىشىسى) ئىدى. قەغەزگە رەڭ بېرىش، سىياھ تەييارلاش، كىتاب سەھىپىلىرىنى رەڭ بىلەن بېزەش، ئالتۇن بىلەن نەقىش ئىشلەش قاتارلىقلار ئۇنىڭ سۆيگەن ھۈنىرى بولۇپ، بۇ ئىلىملەر توغرۇلۇقمۇ يازغان رىسالىلىرى بار. ئىنشا، كىتاب بېزەش (تۈرلۈك ئۇسلۇبلاردا) مەكتۇپ پۈتۈش ۋە باشقا ئىلىملەردە ئۇستازدۇركى، ئېسىلزادىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ مەكتىپىدە تەلىم ئالاتتى. تەجرىبە يۈزىسىدىن ئۇنىڭ مەكتىپىنى تەۋەررۇك بىلەتتى. سىياق ئىلمى كاتىپلىقتا زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىدىن بولغان مەۋلانا ئابدۇلھەي مۇنشىي ئۇنىڭ شاگىرتىدۇر.

مانا بۇ بېيىت سىمىيگە تېگىشلىك:

مىسكىن كۆڭۈل ئىدى مۇشتاق ھاجەتمەن،
بولدى قېشىڭ ئىشقىدا گۇمبەزگە بەند.

مەۋلانا سىمىي نازۇك سۆزمەنلىكتە ئاۋام كەبى قانائەتلىك ئىدى. ئېيتىلغان ھەربىر تۆردىكى [شېئىر]دا مەتلەئ ئېيتالايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ مۇئەممىاسى پەزىلەت ئىگىلىرى ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلمىدى ...

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاھزادە ئەلائۇددەۋلە زامانىدا مەۋلانا سىمىي بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئۈچ مىڭ بېيىت نەزم تىزىپ، ئاققا كۆچۈرگەن. بىر مەرىكىدە بارلىق مەشھەد ئەھلى ھازىر بولۇپ تىنىمسىز ناغرا چالاتتى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ (مەۋلانا سىمىي) زۆرۈر ئېھتىياج ئۈچۈنمۇ [تاشقىرىغا] چىقمىدى، تائاممۇ يېمىدى ھەم ئۇخلىمىدى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە خەلقنىڭ سەۋر تاقىتى ھەققىدە ئۈچ ھېكايەتتىن ئىبارەت شېئىر نەزم قىلدىكى، بۇ ھېكايەتلەرنىڭ بېيىتلىرى ۋە نەزملىرى راۋان، ئايرىملىرى بولسا ئالاھىدە بېزەلگەندۇر. بۇ ئىشقا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ئىنسان تەبىئىتى ئالدىدا پەۋقۇلئاددە ھادىسىدۇر ...

## يەھيا سېبەگ نىشاپۇرىي[38]

يەھيا سېبەگ نىشاپۇرىي پەزىلەتلىك ۋە كۆپلىگەن ئىلىملەردىن خەۋەردار كىشى ئىدى. مەغپىرەتلىك خاقان شاھرۇخ سۇلتان زامانىدا پەزىلەتلىرى ۋە ئىستېداتى بىلەن شۆھرەت قازاندى. [ئۇ]

خۇسۇسەن شېئىر ۋە خەتتاتلىق ئىلمىدە ناھايىتى ماھىر ۋە ئىلىم ئىگىسى بولغانلىقتىن، بىرقانچە «دەھنامە»لەرنى يازغان. «ئەسرارىي ۋە خۇممارىي» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۇستازلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ كەلتۈرگەن. لېكىن، [بۇ كىتاب] بۈگۈنكى كۈندە كەم ئۇچرايدۇ.
مانا بۇ بېيىت ئاشۇ كىتابتىن ئېلىندى:

قارىما خالىس سىرلەرىمنى قەندۇ زەئفەران قوشۇپ،
نە ھاجەتدۇر گۈزەل يۈزگە خال قويۇپ سەپمەك ئۇپا؟

مەۋلانا يەھيا [سىبەگ]نىڭ شېئىر سەنئىتى ۋە [ئۇنىڭ] بەدىئىيلىكى توغرىسىدا مۇبالىغە باركى، ئۇ ئەسلا سەنئەتسىز سۆزمەنلىك قىلمايتتى. ئۇ قانائەتلىك ئادەم بولغانلىقتىن دۆلەتمەنلەر مۇلازىمىتىدىن ئۆزىنى تارتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، شېئىرلىرى كۆپ شۆھرەت تاپمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ مۆتىۋەر سۆزمەنلەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭ شېئىر ۋە مەتلەئلىرى شائىرلار سورۇنىدا ئېتىبارلىق، دىۋانى بولسا بۇ دىياردا مەشھۇردۇر.
مانا بۇ غەزەل ئۇنىڭكى:

ئېيت ئېيتقىنى، ئەي گۈزەللەر سەرۋىرى؟
مەلەك سەن، ھۆر ياكى رىزۋان ئەنۋىرى؟

خىرام بۇستاندا گەر سەرۋىناز ئەتسەڭ،
باقار تام ئۈستىدىن ئاسمان قەمىرى.

ماڭا مەتلۇب ئېرۇر زۇلفۇ رۇخسارىڭ،
شامۇ سەھەر دوستۇ جانىم سەمىرى.

..............
غۇنچە ئىچىدە گۈل مەگەر ئېيتكى ھۆل،
ياخشى نام ئېلىپ چىقار ئۇ تاشقىرى.

بۇ شورلۇق فەتتاھىي بولدى گەدايىڭ،
بەدەۋلەت بولسىمۇ تەڭ تۇشلىرى.

مەۋلانا يەھيا سىبەك ھىجرىيە 852 ـ يىلى (مىلادىيە 1448 ـ يىلى) ۋاپات بولدى.

## مەۋلانا بەدەخشى(39)

مەۋلانا بەدەخشى پەزىلەت ئىگىلىرى جۈملىسىدىن ئىدى. سەمەرقەنت شەھىرىدە، ئۇلۇغبەگ كۆرەگان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سۆزمەنلىكتە ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى ۋە ئاشۇ زامان شائىرلىرىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. نامى زىكىر قىلىنغان سۇلتان ۋە شۇ زامان ئۇلۇغلىرى ئۇنىڭ سۆزمەنلىكىگە تەن بېرەتتى. مەۋلانا بەدەخشىنىڭ مەزكۇر پادشاھ (مىرزا ئۇلۇغبەگ)نى مەدھىيىلەپ ئېيتقان پاكىز

قەسىدىلىرى بار. دىۋانى ئاشۇ دىياردا (ماۋەرائۇننەھردە) مەشھۇردۇر. «ئافتاب» رادىپلىق قەسىدىسى شائىرنىڭ ماھارىتى ۋە تەبىئىتى مۇلايىملىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ ئىككى بېيىت ئاشۇ قەسىدىدىن ئېلىندى:

قارا زۇلفۇڭ قارا تۈندەك توسۇپدۇر ئاپتاپىنى،
سېلىپ تۈن سايە، كىم كۆردى توسۇپدۇر ئاپتاپىنى؟

ساچىڭ زاغ بولسا گەر قايدىن ھۇمايۇن تاپسۇن ئىن،
بەلەندۇر قامىتىڭ سەرۋى، توسۇپدۇر ئاپتاپىنى.

## خەيالىي بۇخارىي㊵

خەيالىي بۇخارىي خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىينىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئىستېداتلىق ۋە خۇش تەبىئەتلىك كىشى ئىكەن. سۆزلىرى دەرۋىشانە، راۋان ۋە پاكىزدۇر. دىۋانى ماۋەرائۇننەھر، بەدەخشان ۋە تۈركىستاندا مەشھۇردۇر.

مانا بۇ غەزەلنى ئۇ ئېيتقان:

كىمكى بۇ ۋادىگە كەلسە، باشىغە دۆلەت كېلۇر،
يۇرسە كىم ئامەت يولىدىن ئامەتۇ ھىممەت كېلۇر.

شاھلار ناغرىسىدىن يەتگەي قۇلاققا بۇ نىدا؛
كى ساراي شاھلىرىغا نۆۋەتمۇ نۆۋەت كېلۇر.

يېقىنچىلىق مەقسىتىدە يوق قىلما سۆھبەت پۇرسىتىن،......
ۋاقتىڭنى خۇش ئۆتكۈز ھامان، ئەپسۇسقىمۇ پۇرسەت كېلۇر.

ئەي، ھەجر ۋادىي سەرسانى، بولما بۇنىڭدىن ئارتۇقچە ھېچ،
تەشنەئى لەۋ بولما سەن ھېچقاچانكىم، دەريايى رەھمەت كېلۇر.

تاپقاي خەيالىي ئاقىبەت ئىززەت يولىدىن جايىنى،
جايىغا ئىززەت يولىدىن ھەر بىر كىشى ئەلبەت كېلۇر.

يەنە ئىككى نەپەر «خەيالىي»مۇ بار. بىرى سەبزەۋاردا، يەنە بىرى تۈن ۋىلايىتىدە. لېكىن، (ئۇلارنىڭ بىرەرى)مۇ مەۋلانا خەيالىي بۇخارىيغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

## بابا سەۋدايى ئەبىۋەردىي㊶

بابا سەۋدايى ئەبىۋەردىي تەبىئىتى مۇستەھكەم، سۆزلىرى شائىرانە ۋە پىششىقتۇر. ئەسلى ئەبىۋەردىن. خۇش چاقچاق، ئەھلى دىل كىشى بولغاچقا پادىشاھلار ۋە ھاكىملار ئۇنىڭغا ئىززەت -

ئىكرام قىلىشاتتى. بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، بابا سەۋدايى ئەھلى ۋىلايەت ئادەم ئىدى. ئاۋۋال «خاۋەرىي» سۆزىنى تەخەللۇس قىلدى، كېيىنچە ھاياجانغا چۈشۈپ بىرقانچە يىل يالىڭاچ خاۋەران دەشتىدە كۆن كەچۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن «سەۋدايى» نامى بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۆز دەۋرىدە شائىرلار سەردارى ئىدى ۋە ئاشۇ تائىپىدىن ئېھتىرام كۆردى.

## ھېكايەت

ئەبىۋەرد ئەھلى جانى قۇربانىي خەلقىدىن㊷ بەغايەت زەخمەت چېكەتتى، ئۇلار بىرنەچچە قېتىم زامان پادشاھى (شاھرۇخ سۇلتان) ئالدىغا جانى قۇربانىي خەلقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ باردى. لېكىن، پايدىسى بولمىدى. چۈنكى، بۇ خەلق كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ سەردارى سۇلتان ئالدىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. (بابا سەۋدايىنىڭ ئەبىۋەردتىكى سۆككان يېرىسىدا مەقبەرىسى بار. ھازىر بۇ يېزا ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تەۋە) جانى قۇربانىي خەلقى ئاشۇ يېزا ئېكىنلىرىنى پايمال قىلاتتى. بابا سەۋدايى ئاشۇ خەلق توغرىسىدا بىر قەسىدە پۈتۈپ، ئۇنىڭ باش قىسمىدا سۇلتان شاھرۇخنى مەدھىيىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جانى قۇربانىي خەلقىدىن شىكايەت چىقىتىكى، شاھرۇخ سۇلتان ئاشۇ خەلقنى تۇتۇش (ۋە جازالاش) بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى مەرۋە ۋە تۇسقا كۆچۈرۈپ قالغىنىنى تارقىتىۋەتتى. بابا سەۋدايى يازغان ئاشۇ قەسىدىنىڭ بىر قىسمى بۇدۇر:

جانى قۇربان كېتىشىدىن بولدى يۇرت ۋەيران،
قىلدى بەتتەر بىر قۇرۇلتاي مۇھەممەد تۇقان.

باشتىن ئاخىر ئەكسۇ گۇمراھ، زالىمۇ كاززاپ،
نام ـ نىشانسىز ئوغرىلارغا تاغۇ تاش ماكان.

ھەربىرى ھەم نەفسىدە ئالغۇر، ئىت كەبى ئاچكۆز،
ھەربىرىنىڭ پىكرى زىكرى خۇرۇجۇ تۇغيان.

نائىب ئەگەر چەبدەست ئەمەس بىلكى يۇرت خاراب،
قويدۇرۇر ياز كەبى يۇرتنى ئات دىمى ھەرئان.

بولسا رەھبەر مۇللا قاسىم سىگەرى ھەممە،
قالغاي غەرىبلەر ئۆيىدە قۇرۇق دەستۇرخان.

قوغلا بۇ دۇشمەن قوۋمنى، ئەي شاھى ئادىل،
يا قىل پەلەك ياڭلىغ كېلات تېغىنى ۋەيران.

## ھېكايەت

بابا سەۋدايى زامانىدا ئەبۇ سەئىد ئېشەك قازى، خاجە جەلال قىچىر تۇمەن ھاكىمى، سەدرىددىن

ئىت دورغا㊸ ۋە مۇھەممەد ئۆكۈز (كالا) زاكاتچى ئىدى. بابا سەۋدايى بۇ ئەھۋالغا مۇناسىپ مانا بۇ قىتئەنى ئېيتقان:

بار ئەبىۋەردە توگمەن ئوخشاشى،
چاقى — غۇسسە، نوسى — غەمدۇر بىشەك.
زاكاتچى — ئۆكۈز، ھاكىمى — قېچىر،
دورغىسى — ئىت، قازىسى — ئېشەك.
ئۇلاردىن نە بولۇر خەلق نېسىۋىسى؟
ھاقارەت ھەم خارلىق، ستەم ھەم كالتەك.

بابا سەۋدائىينىڭ بۈيۈك شائىرلارغا جاۋابەن يازغان پاكىز قەسىدىلىرىمۇ مەشھۇر. ئۇنىڭ مۇلايىملىقى خۇش تەبئىتى خاس ۋە ئاۋام ئارىسىدا مەزكۇردۇر. كىمىكى «سەۋدايى» شېئىرلىرىغا ئارتۇقچە ھەۋىسى بولسا، ئۇنىڭ دىۋانىغا مۇراجىئەت قىلسۇن.

بابا [سەۋدايى] ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۇ سەكسەندىن ئېشىپ ھىجرىيە 853 (مىلادىيە 1449) ـ يىلى ئەبىۋەردكە قاراشلىق سۆككان يېزىسىدا سۆكۈناتقا كەتتى.

ئىزاھاتلار:

① شاھ قاسىم ئەنۋەربي — 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن كاتتا مۇتەسەۋۋۇپ شائىر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەلى ئىبنى ناسىر ئىبنى ھارۇن ئىبنى ئەبۇلقاسىم ئەلھۇسەينىي ئەت تەبرىزىي بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قاسىم ئەنۋەر ۋە شاھ قاسىم ئەنۋەر دېگەن ناملاردا تونۇلغان، ئۇ ھىجرىيە 835 (مىلادىيە 1432) ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ ساددا، سۇپىيانە غەزەللىرى پارس، ئەزەربەيجان ۋە گىلان (غىلان) تىللىرىدا پۈتۈلگەن. قاسىم ئەنۋەر جەلالىددىن رۇمىي (1207 — 1273)غا ئەگىشىپ، ئۆز غايىلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تارقىتىش مەقسىتىدە، شېئىرلىرىنى مەھەللىۋىي خەلق تىلىدا يازغان. ئۇ كۆپ يىللار تېمۇر ۋە تېمۇرىيلەرگە قارشى ئىدىيەۋى كۈرەش ئېلىپ بارغان مەشھۇر ھۇرۇپىيلار جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئىدى. شۇ جەمئىيەت پىدائىيلىرىدىن ئەھمەد لۇر 1427 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، (جۈمە كۈنى) ھىراتنىڭ مەسچىدى جامەسىدە شاھرۇخ مىرزىغا پىچاق ئۇرۇپ، ئۇنى ئېغىر يارىدار قىلغان. بۇ قاسىم ئەنۋەرنىڭ ھىراتتىن قوغلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەل ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي قاسىم ئەنۋەر ئىجادىيىتىگە يۈكسەك باھا بەرگەن، جۈملىدىن «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ زات ناھايىتى ساپ نىيەتلىك، نەپەسلىرى ئوتلۇق كىشى ئىدى. ئەل ئۇنىڭ نەزمىلىرىگە بەكمۇ مايىل بولۇپ، شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ۋە كۆچۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلىدىغان بولدى. بۇ ھال ئۇنىڭ شېئىر دىۋانى تۈزۈشكە سەۋەب بولدى ۋە ‹ئەنىسۇل ـ ئاشىقىن› (ئاشىقلار قاياشى) ئاتلىق قىسقىراق مەسنەۋىيلەر توپلىمى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمىبەند شېئىرلىرىنىمۇ ئىجاد قىلدى. تەۋەررۇك سۇپىتىدە ئۇنىڭ ئىككى مەتلەئى بېرىلدۇ. بىرى تۆۋەندىكىچە:

ياقا چاك رىندىمىز، ئاشىق بىزلەر جاھان ئۆرتەگۈچىدۇر،
بەس، سېنىڭ غىمىڭ قالىپ دۇنيانى ئويلاش نە زۆرۈر؟»

شاھ قاسىم ئەنۋەرنىڭ دىۋانى شەرق مەملىكەتلىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ كەڭ تارقالغان. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا بۇ دىۋاننىڭ ئوندىن ئارتۇق نۇسخىسى ساقلانماقتا، بۇلارنىڭ تىزىم نومۇرى: (№ 2243/ Ⅰ، 2044، 2286/ Ⅰ، 2278، 127، 98 0/ Ⅰ 1001/Ⅲ . 2108) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

② خارجېرد قىشلاقى — ئىراننىڭ جامۇ زورەباد ۋىلايەتلىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان. 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە بۇ

قىشلاق خۇسرەۋ جىرد دەپ ئاتالغان.

③ ئالتە خىل نۇسخىدا خەت يازماق — ئوتتۇرا ئەسىردە كەڭ تارقالغان نەسخ، تەئلىق، سۇلۇس، دىۋانىي، رۇقئە، رەيھانىي قاتارلىق خەت نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

④ ئىقتا — شاھزادە، سۇلتان، ئەمىرلەرنىڭ دۆلەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە ئىنئام قىلىنىدىغان يەر - سۇ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى.

⑤ بىساتىي سەمەرقەندىي — ئەسلى ئىسمى سىراجىددىن بولۇپ، «بىساتىي» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى، «سەمەرقەندىي» بولسا نىسبەسى (يۇرتى)دۇر. ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ناھايىتى كەم ساقلانغان. بىساتىي سەمەرقەندىي مىلادىيە 1412 - يىلى ۋاپات بولغان. تەخەللۇسىغا («بىساتىي»، «ھاسىرىي» بورا توقۇغۇچى) قارىغاندا، ئۇ شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى تائىپىسىدىن. ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ئۇ ھەققىدە مانا مۇنۇلارنى يازغان: «... تەبىئىتىدە شوخلۇق ۋە ئۆتكۈرلۈك بار، ئەمما ناھايىتى ساددا كىشى ئىكەن ...» بۇ بىساتىينىڭ ئاددىي خەلق ئارىسىدىن چىققانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلايدۇ. ئۇنىڭ تېمۇرىيلەردىن خەلىل سۇلتان (1405 — 1409) دەۋرىدە يېزىپ پۈتكۈزگەن دىۋانى «دىۋانى بىساتىي» نامى بىلەن ھازىرمۇ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا (تىزىم نومۇرى: Ⅳ 159 №) ساقلانماقتا.

⑥ سۇلتان خەلىل — تېمۇرنىڭ نەۋرىسى. ئەمىر تېمۇر ۋاپاتىدىن كېيىن بەش يىل (1405 — 1409) ماۋەرائۇننەھر ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. مىلادىيە 1411 - يىلى شاھرۇخنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

⑦ ئۇممان دېڭىزى — ھازىرقى ئەرەبىستان دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى نامى.

⑧ خۇدايداد جەتە — 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موغۇلىستاننىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان نوپۇزلۇق ئەمىر.

⑨ بايراق، قوش ناغرا ۋە نەقاراخانە — مۇستەقىللىق، يەنى بىرەر مەملىكەت ياكى ۋىلايەتكە مۇستەقىل ھاكىم بولۇپ ئەۋەتىلىۋاتقان ياكى سۇلتانغا بېرىلىدىغان رەمزىي بەلگە.

⑩ خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي — (1365 — 1426) 14 -، 15 - ئەسىرنىڭ كاتتا شائىرلىرىدىن بولۇپ، كۆپىنچە قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋىي ۋە رۇبائىيدا قەلەم تەۋرەتكەن. شېئىرلىرىدا پاك مۇھەببەت، مېھنەت ۋە ئىنسانىيلىقتىن بەھس يۈرگۈزگەن. ئۇ بۇخارادا زۇل - لىسانەين (ئىككى تىلدا شېئىر يېزىش) ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەردى. ھەجۋىي شېئىر ژانىرىنىڭ راۋاجىغا ھەسسە قوشتى. ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا ئۇ ھەققىدە مۇنۇلارنى يازغان: «... ئۇ بارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەنىدى. زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۆزىنى شېئىرىيەتكە بېغىشلىدى، دىۋانى مەشھۇر بولدى.» خاجە ئىسمەتۇللاھنىڭ سەككىز مىڭ بېيىتلىك دىۋانى ۋە 1035 بېيىتلىك تۈركىي تىلدا يېزىلغان «ئىبراھىم ئەدھەم» داستانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. جۈملىدىن ئىككى دىۋان نۇسخىسى (تىزىم نومۇرى 1435./805 №) ۋە قەسىدىلەر توپلىمى (تىزىم نومۇرى Ⅲ / 2529 №) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

⑪ مەجىستىكۇشا — قەدىمكى يۇنان ئالىمى كلاۋدىي پتولېمېينىڭ (مىلادىيە 2 - ئەسىر) ئىلمى نۇجۇمغا ئائىت ئون ئۈچ كىتابتىن ئىبارەت «ئالماگېست» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

⑫ قازىزادە رۇمىي — ئەسلى ئىسمى سەلاھىددىن مۇسا ئىبنى مەھمۇد (1430 - يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغان). 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئۆتكەن بۈيۈك ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەپدىشى.

⑬ غىياسىددىن جەمشىد — تولۇق ئىسمى غىياسىددىن جەمشىد ئىبنى مەسئۇد قاشىي (مىلادىيە 1429 - يىلى ۋاپات بولغان)، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەپدىشى، بۈيۈك ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم.

⑭ «زىجى نەسىرى ئەلفانىي» — چوڭ قامۇسىي ئالىم نەسىرىددىن تۇسىي (1201 — 1274) تەرىپىدىن مەراغە (ئەزەربەيجان) رەسەتخانىسىدا ئون ئىككى يىل ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىشلەر نەتىجىسىدە يېزىلغان ئىلمى نۇجۇمغا ئائىت ئەسەر (مىلادىيە 1271 - يىلى پۈتكۈزۈلگەن).

⑮ جەرىب — تەخمىنەن بىر تانابقا تەڭ يەر ئۆلچىمى.

⑯ دانەك فۇلۇس — دانەك، بىرەر نەرسە (مەسىلەن، دىنارنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى؛ بىر تاناب ھەجىمدىكى يەر. فۇلۇس، پارچە مىس چاقا، پۇل.

⑰ دىرھەم — ئۈچ گرام ئېغىرلىقتىكى كۈمۈش تەڭگە.

⑱ ئەبۇلخەيرخان (شەيبانىي) — 15 - ئەسىردە كۆچمەن ئۆزبېكلەر دۆلىتىگە ئاساس سالغان تارىخىي شەخس (1428 — 1468).

⑲ فەخرىددىن رازىي — فەخرىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئۇمەر ئىبنى ھۇسەين ئەررازىي (مىلادىيە 1210 - يىلى ۋاپات بولغان)، كاتتا قامۇسىي ئالىم.

⑳ شىرۇيە — ساسانىيلار سۇلالىسىگە (ئىرانغا) مەنسۇپ، خۇسرەۋ II نىڭ نەۋرىسى. مىلادىيە 628 - يىلى ئاتىسى قۇباد I نى ئۆلتۈرگۈزۈپ تەختنى ئىگىلىگەن.

㉑ مۇستەنسىر ئىبنى مۇتەۋەككىل — ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن (مىلادىيە 861 — 862)بولۇپ، ئۇمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى ئىگىلىگەن، لېكىن ئالتە ئاي ئۆتمەي ئۆزىمۇ ئۆلگەن.

㉒ «ئەبباس كۇشت» — سۆزلىرىدىكى ھەرپلەردىن (ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە) ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 853 - يىلى (مىلادىيە 1449 - يىلى) رەقىمى، يەنى ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

㉓ بۇرۇندۇق بۇخارىي — ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز ساقلانغان. دەۋلەتشاھ ۋە نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدىكى سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇ 15 - ئەسىردە ئۆتكەن ۋە تېمۇرىيلەردىن سۇلتان بايقارا (مىلادىيە 1416 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن)نىڭ خىزمىتىدە بولغان. جۈملىدىن ھەزرىتى نەۋائىي ئۇ توغرۇلۇق مۇنۇلارنى يازغان: «... كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ۋە چاقچاقچى كىشى بولۇپ، سۇلتان بايقارا بىننى ئۇمەر شەيخ خىزمىتىدە بولغانىكەن ۋە شۇ زامان شائىرلىرى ئۇنىڭ تىلىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ يول قويۇشىدىكەن ...»

㉔ پەرۋانىچى — پادىشاھ ۋە خان پەرمانلىرىنى يازغۇچى. ئالىي ھۆكۈمدار پەرمانلىرىنى ئېلان قىلغۇچى مەنسەپدار.

㉕ قەمەرىددىن — موغۇلىستانلىق (14 — 16 - ئەسىرلەردە موغۇلىستانغا كاشغەر، ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتىسۇلار قارىغان) نوپۇزلۇق ئەمىر بولۇپ، 1370 — 1383 - يىللىرى ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان.

㉖ مىرزا ئىسكەندەر ۋە مىرزا رۇستەم ۋەقەسى — ئۇمەر شەيخنىڭ بۇ ئوغۇللىرى ئايرىم ئىران ۋىلايەتلىرى تۆپىسىگە قويۇلغانىدى. لېكىن، شاھرۇخقا ئىتائەت قىلماي قويغانلىرى ئاقىۋىتىدە، 1413 — 1420 - يىللار ئارىسىدا سادىر بولغان كۈرەشلەردە قۇربان بولغاندۇر.

㉗ غۇر ۋە گەرمسىر — گەرمسىر بولسا ھىلماند دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا، سىيىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ۋىلايەت، غۇر بولسا ھېرىدۇت دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغلىق ۋىلايەت.

㉘ شەيخ ئازەرىي — ھەقىقىي ئىسمى ھەمزە ئىبنى ئەلى، تەخەللۇسى «بەيھەقىي» (1382 — 1462)؛ كاتتا شەيخ، ئالىم، ساياھەتچى ۋە شائىر؛ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بىرىنچى مۇئەللىمى، ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تولۇق شۆھرەت تاپقانلىقىنى ئېيتىدۇ. شېئىرلىرىدىن ئايرىم پارچىلار باياز ۋە توپلاملاردا (مەسىلەن، «مەجمۇئە» ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىسى، تىزىم نومۇرى № 233 ۋە «گۈلشەنى ئېرەم» مەزكۇر ئىنستىتۇت قوليازمىسى، تىزىم نومۇر № 348 ۋە باشقىلار) ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭدەك، ئالىمنىڭ «جەۋاھىرۇل - ئەسرار» (سىرلار جەۋاھىرى) ناملىق ئەسىرىمۇ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى نۇسخىلىرىدىن بىرى (تىزىم نومۇرى № 3622) مەزكۇر ئىنىستىتۇت قولىيازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا.

㉙ ئەھمەد ئىبنى زەمچى — بەلخنىڭ زەمچى يېزىسىدىن، ئاباسىيلارنىڭ دەۋەتچىسى ۋە خۇراسان ھاكىمى ئەبۇمۇسلىم (748 — 755)نىڭ سەپدىشى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەززەمچى.

㉚ شەيخ مۇھىئۇددىن تۇسىي غەززالىي — سالاھىيىتى ئېنىق ئەمەس. ئۇنى مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى، پەيلاسوپ ئىمام ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد غەززالىي (1059 — 1111) بىلەن ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك.

㉛ سەييىد نېئمەتۇللاھ — كاتتا مۇتەسەۋۋۇپ ئالىم ۋە شائىر (مىلادىيە 1431 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئۇنىڭ «رىسالەدەر - ئىستىلاھاتى ئەھلى سۇفىيە» (تەسەۋۋۇپ ئەھلى قوللىنىدىغان ئاتالغۇلار ھەققىدە رىسالە) ھەمدە «رىسالەئى ۋۇجۇدىيە» (بارلىق ھەققىدە رىسالە) قاتارلىق ئەسەرلىرى (ئۇلارنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرىنىڭ تىزىم نومۇرى XVIII/6761 №، II/145 ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا)

شەرقتە ناھايىتى مەشھۇر بولغان.

㉜ گۇلبەرگ (ئەھسەنئاباد) — مەركىزىي ھىندىستاندا لەشكەربېشى ھەسەن كەنگۇ ئاساس سالغان بەھمەنىيلەر دۆلىتىنىڭ (1347 — 1527) دەسلەپكى پايتەختى.

㉝ سۇلتان ئەھمەد — بەھمەنىيلەردىن مەلىك ئەھمەد ۋەلى (1422 — 1436).

㉞ جەيپال — 10 - ئەسىردىكى ھىندىستان راجىلىرىدىن.

㉟ جۇنە — بۇددىزم تەلىماتىنىڭ داۋامچىسى ھەمدە ئىسلاھچى جۇنە مەخەۋىرە.

㊱ سۇلتان مۇھەممەد ئىبنى بايسۇنقۇر — شاھرۇخ ھۆكۈمرانلىقى (1409 — 1447) دەۋرىدە 1431 - يىلىدىن باشلاپ رەي، قۇم، نەھاۋەند، شۇنىڭدەك باغدادغىچە بولغان مۇلكلەرنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ شەرققە يۈرۈشى 1448 - يىلى، يەنى شاھرۇخ ۋاپاتىدىن كېيىن بولغان.

㊲ سىمىي نىشاپۇرىي — 15 - ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم، مەشھۇر خەتتات، لەۋۋاھ (لەۋھە لايىھىلىگۈچى) ۋە نەققاش. تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى نامەلۇم. نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا ئۇ ھەققىدە مۇنۇلارنى ئېيتقان: «... كۆپلىگەن ئىبسل پەزىلەتلىرى بار ئىدى. ئۆز زامانىدا شېئىرىيەت، مۇئەممما ۋە خەتتاتلىقتا بۇ پەن ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قول قوياتتى. ئۇنىڭ بەسلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر كۈندە ئىككى مىڭ بېيىت ئېيتىپ ۋە كۆچۈرۈپ چىققانلىقى كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر. شۇڭا، ئۇ مۆھرىگە بۇ بېيىتنى ئويدۇرۇپتۇ: «ئۇ پاكىزە خىلقەتلىك پادىشاھ مەدھىيىسىدە، ئىككى مىڭ بېيىت پۈتتى بىر كۈندە سىمىي.»

㊳ يەھيا سىبەگ نىشاپۇرىي — 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان يېتۈك ئالىم (بولۇپمۇ ئەرۇز ئىلمىدە) ۋە شائىر. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت تەپسىلىي مەلۇمات ساقلانمىغان. ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا ئۇ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «خۇراسان مەملىكىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەزىلەتلىك كىشىسى ئىدى، ئۇ كۆپلىگەن ئىلىم ۋە پەنلەردە ماھىر ئىدى. تۈرلۈك سەنئەتلەر ۋە ئەرۇز ئىلمىدە بارچە ئەل ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك تەبئىتىنى ھەرقانداق كىشى بىلەي دېسە، «شەبىستانى خەيال» (خىيال كېچىلىرى) دېگەن كىتابىنى كۆرسۇن. ئۇ ئاۋۋال «تۇففاھىي» (ئالمىچى) تەخەللۇسىنى قوللاندى. كېيىن «فەتتاھىي» (ئاچقۇچى، ئىگىلىگۈچى)، «خۇممارىي» ۋە «ئەسرارىي» (سىر ئېيتقۇچى) دېگەن تەخەللۇسلارنىمۇ قوللاندى. ئۇنىڭ «فەتتاھىي» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان مەتلەئى بۇدۇر:

مەي ئىچىپ پىيالىنى قىلدىڭ ساقىت لالە چاغى،
ئۆتتى ئۆمۈر، سەندىن داۋا تاپقاي قاچان ھەسرەت داغى.

بۇ ئۇنىڭ «ئەسرارىي» تەخەللۇسى بىلەن ھەزرىتى خاجە ھافىزغا نەزىرە قىلىپ ئېيتقان بېيىتى.

نەشە بەرگى قىرلىرى كەسكۈر ئېرۇر، ئەي بەڭگىلەر،
كەسمەك ئۈچۈن سىزدىكى ئەقلۇ ئىمان نىھالىنى.

پېقىر ئەرۇز پېنىدە ۋاستىلىك ھالدا مەۋلاناغا شاگىرتمەن. تەڭرى خالىسا بۇ توغرۇلۇق ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىنىدۇ. مەۋلانا دەرۋىش سۈپەت ۋە قانائەتچان كىشى ئىدى. ئۇ خىلۋەتنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىستېداتى ئازراق شۆھرەت تاپتى. ئۇ ھىجرىيە 852 - يىلى (مىلادىيە 1448 — 1449 - يىللىرى) ئالەمدىن ئۆتتى.

يەھيا سىبەگ نىشاپۇرىينىڭ «شەبىستانىي خەيال» (باشقا ناملىرى «شەبىستانى نۇكات»، «شەبىستانى ئۇكات ۋە گۈلىستانى لۇغەت») ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرى ‹تىزىم نومۇرى: (IV، 1642، 1660) 90، 252، I (№ 3813)›، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا.

㊴ مەۋلانا بەدەخشىي — 15 - ئەسىرنىڭ يېتۈك شائىرلىرىدىن؛ ئۇلۇغبەگ مىرزا دەۋرىدە سەمەرقەنتتە ئىستىقامەت قىلغان. ھاياتىغا ئائىت باشقا مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا

دەۋلەتشاھ كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارنى قىسقىچە قەيت قىلىپ، مەۋلانا بەدەخشىنىڭ ئىستىبداتىغا يۇكسەك باھا بەرگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەۋلانا بەدەخشىي پەزىلەتلىك كىشى ئىكەندۇق. ئۇلۇغبەگ مىرزا زامانىسىدا سەمەرقەنت شائىرلىرى ئۇنىڭ تىلىنىڭ راۋانلىقى ۋە گۈزەللىكى جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرەر ئىكەن. ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى مەشھۇر:

قارا زۇلفۇڭ قارا تۈندەك توسۇپدۇر ئايتاپىنى،
سېلىپ تۈن سايە، كىم كۆردى، توسۇپدۇر ئايتاپىنى؟»

㊵ مەۋلانا خەيالىي بۇخارىي — 15 - ئەسىر شائىرى. ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ئاز. نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس»تا ئۇ ھەققىدە مانا بۇ قىسقا مەلۇماتنى كەلتۈرگەن: «مەۋلانا خەيالىي بۇخارىي بۇخارالىق بولۇپ، خاجە ئىسمەتۇللاھنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى:

دەردىڭ ئوقى، ئەي ئاشىقلار، قەلبىنى قىلغان نىشان،
سەن بىلەن ئەل ئاۋارەيۇ سەن بولساڭ غايىب بىنىشان.

ئۇنىڭ ئىككىنچى بېيىتى تېخىمۇ ياخشى چىقىپتۇر:

گاھى تىنچ بۇتخانىدە، مەسچىد ئىچىدە گاھى جىم،
ۋەسلىڭ ئىزلەپ ئۈيمۈئۆي گاھى سەرساندۇر بۇ جان.

ئۆزى ۋە خۇلقى ياخشى يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى بۇخارادا.»

㊶ بابا سەۋدايى ئەبىۋەردىي — 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچىسى يېرىمىدا ياشىغان لىرىك شائىر (1449 - يىلى 80 ياشتىن ئۆتۈپ ۋاپات بولغان). ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار كەم. «مەجالىسۇن - نەفائىس»تىن ئۇ ھەققىدە مانا بۇلارنى بىلىش مۇمكىن: « بابا سەۋدائىي باۋەردىندۇر. ئۇ ئاۋۋال ‹خاۋەرىي› تەخەللۇسىنى قوللانغانىدى. غايىب ئالەمدىن ئۇنىڭغا ھاياجان يەتتىكى، ئەقلى زايىل بولۇپ، ئەلدىن چىقىپ يالىڭاچ سەۋدايىلەردەك تاغۇدەشتلەرنى كېزەتتى، ئۆز ھالىغا كېلىپ ئەل ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن ‹سەۋدايى› تەخەللۇسىنى قوللاندى. بايسۇنقۇر مىرزا ئىتىنغا ئاتىغان قەسىدىلىرى بار. غەزەلىنىمۇ ھەر تۈرلۈك ئېيتاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكىدۇر:

خالىڭ ئەنبەر، يۈزۈڭ گۈل مىيىقىڭ رەيھاندۇر،
ئاغزىڭ غۇنچە، چىشلىرىڭ ئۈنچە، لېۋىڭ مارجاندۇر.

يېشى سەكسەندىن ئاشقاندا ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ قەبرىسى باۋەردىنىڭ سۆككان دېگەن كەنتىدە. ئۇ ئىككى غېرىب ئوغۇلنى يادىكار قويۇپ كەتتى.»

㊷ جانىي قۇربانىي خەلقى — موغۇللارنىڭ ئۇيرات قەبىلىسىگە مەنسۇپ خەلق.

㊸ دورغە — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خوسۇسەن موغۇللار، شەيبانىيلار ۋە ئەشتەرخانىيلار دەۋرى (13 — 14 - ئەسىرلەردە)دىكى شەھەر ھاكىمى.


(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا)




نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

## ئائىلىيە قاتارلىقلارنىڭ دادىسىدىن قالغان مىراسلارنى بۆلۈشۈۋېلىش ھەققىدىكى ھۆججەتنى



ترانسكرىپسىيسى:


شەرىئەت ھۆكمىچە ھەر قايسىنىڭ تەسەررۇف قىلغان يەرلەرنى چارلاپ، مەزكۇر گۇۋاھلارنىڭ سوزىنى سەيدىن شەيخۇلئىسلام، مەمەت ئاخۇند قوشۇلۇپ كېلىپ قاراقاش مەھكەمەسىدىن يەئقۇب قازى ئائىلىيەلەرنى قامەتۇ قىلىپ، ماڭا مەھكەمەگە ئالىپ كېلىپ سورغانلاردا ئائىلىيە بەختە بۇبى جەۋاب بىرىپ ئايدى ۋە يەنە بىر فارچە ئۆي، ئولتۇراق يەرىمىزنى دادامىز ئۆزى ھەياتلىق ۋەقتىدە بىرىپ ئىدى. ... ئائىلىيە جەۋاب بەردىكىم، بۇ يەرىمىزنىڭ مەنقۇلات، غەيرە مەنقۇلات ئۆي، ئەشيائ، سەرانجام، بىسەبەب فەرايىز ئۆلەشىپ ئالىپ ئايدۇك. دادام موللا توختەسۇن خاجە ئۆزى ھەياتلىق ئالدىدا باغ ئىچىدەكى بىر فارچە يېرىمىزنى تىگىشلىك ئۆلەشتۇرۇپ بەدۇرسەلەر ھەق جايىغە،

يەشمىسى:

شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ھەرقايسىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرىنى چارلاپ، مەزكۇر گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزىنى سەيدىن شەيخۇلئىسلام مەمەت ئاخۇند بىرلىكتە كېلىپ قاراقاش مەھكىمىسىدىن يەئقۇب قازى

ئائىلىيەلەرنى دەرقەمتە قىلىپ، ماڭا مەھكىمىگە ئېلىپ كېلىپ سورىغاندا، ئائىلىيە بەختە بۇبى: «بىر پارچە ئۆي، ئولتۇراق يېرىمىزنى دادىمىز ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بەرگەنىدى.» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە ئائىلىيەلەر جاۋاب بەردىكى: «بۇ يېرىمىزنىڭ كوچىمە غەيرىي كوچمە ئۆي، ئەشيا، سەرامجان قاتارلىق مۈلۈكلەرنى زورۇرىيەت بويىچە ئۈلىشىپ ئالغانىدۇق. دادام موللا توختەسۇن خوجا ئۆزى ھايات ۋاقتىدىكى باغ ئىچىدىكى بىر پارچە يېرىمىزنى ھەق جايىغا تېگىشلىك ئۈلەشتۈرۈپ بەرسىلە.»

## رەھىمشاھ خوجىنىڭ ئانىسى بۇبى ئائىلىنىڭ ئىككى چارەكلىك يېرىنى چوڭ يول كۆل بېشىدىكى دۆڭمەسجىدكە مۇتلەق ۋەقپە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى تەۋلىيە



### ترانسكرىپسىيسى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان توققۇز، خوك يىلى ماھى رەبىيەلئاخىرنىڭ ئون بىرى ئېردىكىم، شەھەرلىك رەھىمشا خاجەغە تەۋفىق ئىلاھى رەفىق ئولۇپ، ئەۋۋەل خۇدايى [تائالا] رىزالىقىنى ئىزدەپ، ئىككىنچى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇشنۇدلۇقلارىنى كۆزلەپ، ئىقرارى سەرىھە شەرئى قىلدىكىم، ئاناسى بۇبى ئايلاغە تەۋفىق ئىلاھى يار ئولۇپ تەئرىخقە مىڭ سەكسەن بەشدە بادامسىيا ئۆستەڭى قافاقلا مەۋزۇئىدىن مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئىككى چارەكلىك يىرنى چوڭ گۇزەر كۆلباشىداقى دۆڭ مەسجىدغە ۋەقفى مۇتلەق قىلىپ تەۋلىيە قىلدۇرۇپ قويۇپ ئىكەن. ئەلئان بۇ زەمانەلاردا مەزكۇر تەۋلىيەسى زايىئ بولۇپ كېتىپ ئىكەن. ھالا شۇل ۋاقتىداكى ۋەقفە سابىقىنىڭ سۇبۇتىغە خەتتى تەۋلىيە جەدىد قىلدۇرۇپ قويدۇم. ھەركىم مەزكۇر مەسجىدغە خاتىب، ئىمام، مۇئەززىن بولۇپ دۇئاگويلۇق قىلسە، مەزكۇر ۋەقفەنىڭ بولغان مەھسۇلاتىنى مەسجىدنىڭ شىكەستەئى رىختەلەرىگە سەرف قىلىپ قالغانىنى ئۆز ھاجەتلەرىگە سەرف قىلىپ، ئاتا -

ئانامنى، پەقىردەك فەقىر ئاسىينى سەلاۋاتى خەمسەسىدە فەراموش قىلماي، دۇئايى خەيرلەرىدا ياد قىلۇرلەر دەپ ۋەقفەنامە تەھرىر قىلىندى. ھەركىم ئۇشبۇ ۋەقفەنىڭ ئىستىھكامىغە مەدەد ئىستىئانەت كۆرگۈزسە، خۇدايى ئالەم رەھمەتىگە سەزاۋار ئولغۇسىدۇر. ھەركىم تەغەييۇر ۋە تەبدىل بەرسە ۋاھىدۇل - قەھھار غەزەبىگە گىرىفتار ئولغۇسىدۇر دەپ ۋەقفنامە مۇسەججەل قىلىندى. مەزكۇر ۋەقفەنىڭ ھەددى شەرقى: ئەئزەمشا خاجەنىڭ يېرى، فاسىلە - ئۆرەك؛ ھەددى شىمالى: مەمەتشا خاجەنىڭ ۋەرەسەلەرىنىڭ يېرى ۋە بەئزى ئەئزەمشا خاجەنىڭ يېرى؛ فاسىلە — ئەركەك قىر؛ ھەددى غەربى: يەنە مەمەتشا خاجەنىڭ ۋەرەسەلەرىنىڭ يېرى، فاسىلە — ئەركەك قىر؛ ئەگرىمدە ھەددى جەنۇبى: يەنە مەمەتشا خاجەنىڭ ۋەرەسەلەرىنىڭ يېرى، فاسىلە — ئەركەك قىر؛ يەنە ھەددى غەربى مەمەتشا خاجەنىڭ ۋەرەسەلەرىنىڭ يېرى؛ ھەددى جەنۇبى ئەئزەمشا خاجەنىڭ يېرى، فاسىلە - ئۆرەك.

ھۇززارۇل - مەجلىس: مەمەت ئەلى خەلفەم، ئىسرائىل ... ئەلى ئاخۇندلار شاھىدلاردۇر.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان توققۇز① توڭغۇز يىلى رەبىبيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئون بىرى ئىدى. شەھەرلىك رەھىمشاھ خوجىغا تەۋپىق ئىلاھى يار بولۇپ، ئاۋۋال خۇدايىتائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئىككىنچىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مىننەتدارلىقىنى كۆزلەپ، شۇنداق ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدىكى، رەھىمشاھ خوجىنىڭ ئانىسى بۇبى ئايلىغا تەۋپىق ئىلاھى يار بولۇپ، تارىخقا مىڭ سەكسەن بەشتە② بادامسىيا ئۆستىڭى قافاقلا دېگەن جايدىن مىراس مۈلۈك قالغان تەخمىنەن ئىككى چارەكلىك يېرىنى چوڭ يول كۆل بېشىدىكى دۆڭ مەسجىدكە مۇتلەق ۋەقپە قىلىپ، تەۋلىيە قىلدۇرۇپ قويغانىكەن. بۇ زامانلاردا مەزكۇر مەسجىدنىڭ تەۋلىيەسى زايا بولۇپ كەتكەنىكەن. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇ ۋاقىتتىكى سابىق ۋەقپىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن يېڭىدىن خەت تەۋلىيە قىلدۇرۇپ قويدۇم. ھەركىم مەزكۇر مەسجىدكە خاتىب، ئىمام، مەزىن بولۇپ دۇئاگۇيلۇق قىلسا، مەزكۇر ۋەقپىنىڭ مەھسۇلاتىنى مەسجىدنىڭ كەم - كۈتە ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، ئېشىپ قالغىنىنى ئۆز ھاجەتلىرىگە سەرپ قىلىپ، ئاتا - ئانامنى، پېقىردەك بىچارە ئاسىي گۇناھكار بەندىنى بەش ۋاخ نامازلىرىدا ئۇنتۇپ قالماي، ياخشى دۇئالىرى بىلەن ياد قىلسۇن دەپ ۋەقپىنامە تۈزۈلدى. ھەركىم ئۇشبۇ ۋەقپىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە مەدەت ۋە ياردەم كۆرسەتسە، خۇدانىڭ بۇ ئالەمدە رەھمەتكە سازاۋەر بولغۇسىدۇر، ئەگەر ھەركىم بۇ ۋەقپىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە يەككە - يېگانە، قەھھارلىق ئاللانىڭ غەزىپىگە گىرىپتار بولغۇسىدۇر دەپ ۋەقپىنامە پۈتۈلدى.

مەزكۇر ۋەقپىنىڭ شەرقىي چېگراسى: ئەزىمشاھ خوجىنىڭ يېرى، پاسىل — ئورەك؛ شىمالىي چېگراسى: مەمەتشاھ خوجىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى ۋە بىر قىسمى ئەزىمشاھ خوجىنىڭ يېرى، پاسىل — ئەركەك قىر؛ غەربىي چېگراسى: يەنە مەمەتشاھ خوجىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى، پاسىل — ئەركەك قىر؛ ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي چېگراسى: يەنە مەمەتشاھ خوجىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى، پاسىل — ئەركەك قىر؛ يەنە غەربىي چېگرىسى: يەنە مەمەتشاھ خوجىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى؛ يەنە جەنۇبىي چېگراسى: ئەزىمشاھ خوجىنىڭ يېرى، پاسىل — ئورەك؛


گۇۋاھچىلار: مەمەت ئەلى خەلفەم، ئىسرائىل ... ئەلى ئاخۇنلار شاھىتتۇر.

① ھىجرىيە 1299 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1882 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 1085 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1674 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## ياركەندلىك ناسىر ئاخۇننىڭ ئەبدۇررەھمان بايغا بىر يىللىق يالىنىپ ئىشلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەت

**ترانسكرىپسىيىسى:**

تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە ماھى رەبىيەبىن سانىنىڭ ئون يەتتەسى ئېردى. مەنكى ياركەندلىك تاھىر ئاخۇند ئۆز ئىقرارى، ئوتتۇز بەش ياش، گەندۇم رەڭ، قارا سەقال، ۋەلەدى ئەبدۇللار بەگدۇرمەن. بۇ تەرىقە ئىقرارى شەرئى قىلدىم بۇ جۇملەغەكى، ئەبدۇررەھمان ئاخۇندنىڭ قاشىدە بىر يىل مۇكەممەل خىزمەت قىلماق ئۈچۈن ئەجرىمگە سەككىز سەر فۇلغە توختاتىپ، فۇلنى تامامەن قولۇم ئالىپ تۇردۇم. ئىگىن — ئاياغلارىمنى ئەبدۇررەھمان ئاخۇند بېرۇر بولدى. ھەر ئەمر فەرمايىشغە بۇيرۇسە بەجاندىل قىلۇر بولدۇم. ئەمانەت بەرگەن نېمەرسەنى زايىئ قىلسام تۆلەپ بېرۇر بولۇپ، مۇھۇرلۇق ۋەسىقە بەردىم... نەسىر باي، تەمام.



**يەشمىسى:**

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە رەبىيەل — ئاخىر ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى① ئىدى. مەنكى ياركەندلىك تاھىر ئاخۇننىڭ ئىقرارى مەن ئوتتۇز بەش ياش بۇغداي ئۆڭ، قارا ساقال، ئەبدۇللا بەگنىڭ ئوغلىمەن. بۇ تەرىقىدە شەرىئەتتە بۇ جۈملىنى شۇنداق ئىقرار قىلدىمكى، ئەبدۇررەھمان ئاخۇننىڭ قېشىدا تولۇق بىر يىل خىزمەت قىلماقچى بولدۇم. ئىش ھەققىم سەككىز سەر پۇلغا توختىتىلىپ، پۇلنى قولۇمغا تولۇق ئالدىم. كىيىم — كېچەكنى ئەبدۇررەھمان ئاخۇن بېرىدىغان بولدى. ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا بەجاندىل قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتىم. ئامانەت بەرگەن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويسام، تۆلەپ بېرىدىغان بولۇپ مۆھۈرلۈك ۋەسىقە بەردىم.

ناسىر باي، تەمام.


## مەرھۇم مۇھەممەد ئاخۇن ۋارىسلىرىنىڭ مال — مۈلۈك ھەققىدىكى ھۆججىتى


**ترانسكرىپسىيىسى:**

تائرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك ئالتە ماھى جەمادىيەس — سانىنىڭ ئون ئالتەسى شەھر زەيكەش ئەبدۇلخالىق بەگ مەھەللەسىدىن مۇھەممەد ئاخۇند مەرھۇمنىڭ ۋارىسەلارىدىن غايىب قىزى تۇر بىبىنىڭ ۋەسىيسى مەھمۇد ئاخۇند ۋەلەدى مەقسۇد ھاجىم ۋەسايەتەن ئىقرارى شەرئى قىلدىم بۇ جۇملەغەكىم، مۇتەۋەففانە ئەھلىيەسى زىمىننىسا بىبى بىنتى قاسىم ئاخۇندنى ۋەكىلى ئاكاسى ھامىد ئاخۇند مۇئەككىلىمگە كۈيۈسى مۇھەممەد ئاخۇندىن مىراس قالغان ياڭى ئۆستەڭ مۇھەممەد ئەلى ئارىقىداكى ئىككى فارچە تەخمىنەن ئوتتۇز سەككىز چارەكلىك يەردىن تېگەدۇرغان قەدر ھەسسە ھەستۇيەك نەسىبەسىغە ۋە بىر ھويلى بوستانلاردىن تېگەدۇرغان نەسىبەسىغە ئىككى فارچە ئەستىكىم، بەش چارەكلىك يەر تەئيىن بولۇپ، ۋەكىل ھامىد ئاخۇند ھەممەنى بىر جايدىن ئالسام دېگەنىدە بەتەرىق تەخارىج تەخمىنەن يەتتە چارەكلىك يەر، تابە يول ئارىقى، بىرلە تەئيىن بولدى. ئۇشبۇ قىسمەتغە رازى بولۇپ زىمىننىسا بىبىغە ئايرىلغان يەتـ-

---

① ھىجرىيە 1337 – يىلى رەبىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ 17 – كۈنى مىلادىيىنىڭ 1918 – يىلى 1 – ئاينىڭ 4 – كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.





ته چارەكلىك يەرگە دەخل قىلماس بولۇپ، زىممەسىنى ئەبرائى ئام قىلدىم. يەتتە چارەكلىك يەرنىڭ شەرقى يۈسۈف ئاخۇندنىڭ مۈلكى، فاسىلە — قىر؛ شىمالى شەھرە بىبىنى مەترۇكەسىدۇر، فاسىلە — قىر؛ غەربى يۈسۈف ئاخۇندنىڭ، بەئىزەسى تۇر بىبىنىڭ مۈلكى، فاسىلە — قىر؛ جەنۇبى شەھرە بىبىنى قىزى رابىئە بىبىنى مۈلكى، فاسىلە - قىر؛ بۇ يەرگە بىر يېرىم چارەكلىك بۇغداي، قوناق بېرۇر بولد[ۇم]. قازى ھۆسەيىن بىن موللا روزى، موللا ھاجى ئىبنى چوڭ قازى، مۇھەممەد زۇنۇن قازى، ھاجى ئىمام، ئەلى ئاخۇند، ناسىر ھاجى، مۆئەززىن سۇلەيمان ئاخۇند، يۈسۈف ئاخۇندلار، بەختى چوڭ، شەقى موللام، يۈسۈف ئاخۇند، ئەمىن ئاخۇند، تۇردى شاڭ، ئەمىن ئاخۇند، مۇھەممەد باي، ئەھمەد باي ۋە جەمال ئاخۇند.

**يەشمىسى:**

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك ئالتە جەمادىيەسىل - ئاخىر ئېيىنىڭ ئون ئالتىسى① شەھەرنىڭ زەيكەش ئابدۇخالىق بەگ مەھەللىسىدىن مۇھەممەد ئاخۇن مەرھۇمنىڭ ۋارىسلىرىدىن غايىب (بۇ سورۇندا بولمىغان) قىزى تۇر بىبىنىڭ ۋەسىيسى مەھمۇد ئاخۇننىڭ ئوغلى مەقسۇد ھاجىم بۇ تەرىقىدە شەرئىەتتە بۇ ھەقتە شۇنداق ئىقرار قىلدىمكى، مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرى زىممىنىسا بىبىنىڭ ۋەكىلى ئاكىسى ھامىد ئاخۇن ۋەكىلىمگە كۈيۈسى مۇھەممەد ئاخۇندىن مىراس قالغان يېڭى مۇھەممەد ئەلى ئېرىقىدىكى ئىككى پارچە تەخمىنەن ئوتتۇز سەككىز چارەكلىك يەردىن تېگىدىغان قەدر ھەسسە ئاشنىڭ نېسىۋىسىگە ۋە بىر ھويلا - بوستاندىن تېگىدىغان نېسىۋىسىگە ئىككى پارچە بەش چارەكلىك يەر تەيىن بولۇپ، ۋەكىل ھامىد ئاخۇن ھەممىنى بىر جايدىن ئالسام دېگەندە، يولنى چىقىرىۋەتكەندە تەخمىنەن يەتتە چارەكلىك يەر، تەۋە يول ئېرىقى بىلەن تەيىن. ئۇشبۇ تەقسىماتقا رازى بولۇپ زىممىنىسا بىبىگە ئايرىلغان يەتتە چارەكلىك يەرگە دەخلى قىلماس بولۇپ، ئاۋامغا بېغىشلىدىم. يەتتە چارەكلىك يەرنىڭ شەرقى: يۈسۈف ئاخۇننىڭ مۈلكى، پاسىل — قىر؛ شىمالى: شەھرە بىبىنىڭ تەرك قىلىنغان يېرىنىڭ قىرى؛ غەربى: يۈسۈف ئاخۇننىڭ، بەزىسى تۇر بىبىنىڭ مۈلكى، پاسىل — قىر؛ جەنۇبى: شەھرە بىبىنىڭ قىزى رابىئە بىبىنىڭ مۈلكى، پاسىل — قىر؛ بۇ يەرگە بىر يېرىم چارەكلىك بۇغداي، قوناق بېرىدىغان بولدۇم.

[مەجلىس ئەھلىدىن:] قازى ھۆسەيىن بىن موللا روزى، موللا ھاجى ئىبنى چوڭ قازى مۇھەممەد زۇنۇن مەرھۇم قازى، ھاجى ئىمام، ئەلى ئاخۇن، ناسىر ھاجى، مۆئەززىن سۇلەيمان ئاخۇن، يۈسۈف ئاخۇنلار، بەختى چوڭ، شەقى موللام. يۈسۈف ئاخۇن، ئەمىن ئاخۇن، تۇردى شاڭ، ئەمىن ئاخۇن، مۇھەممەد باي، ئەھمەد باي، جەمال ئاخۇنلار گۇۋاھ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

① ھىجرىيە 1356 - يىلى جامادىيەل - ئاخىر ئېيىنىڭ 16 - كۈنى مىلادىيىنىڭ 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

nurkitap.com

# تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «دىۋان»غا بىر نەزەر

ئەلى غوپۇر

## مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش سەۋەبى

بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شۆھرەتلىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، تۆۋەندە «دىۋان» دېيىلىدۇ) 20 ـ ئەسىر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىنكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مەزكۇر قامۇسقا بېغىشلانغان كۆپلىگەن ئەمگەكلەر ئېلان قىلىنىدى. بۇ ئەمگەكلەر ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى بەكرەك جەلپ قىلىدىغىنى ۋە بەس ـ مۇنازىرىلەر كۆپرەك بولغىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەسەبنامىسى ۋە «دىۋان»دا ئاساس قىلىنغان تىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى بولدى.

دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار بىر مەزگىللىك تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەسەبنامىسىگە قارىتا ئاساسەن بىر پىكىرگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋەكىللىك قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار تا هازىرغا قەدەر بېسىقماي، بۇ تالاش ـ تارتىشلار يەنە «دىۋان»دا ئاساس قىلىنغان تىلىنىڭ قايسى تىل ئىكەنلىكى مەسىلىسىنىمۇ قايتىدىن سۆرەپ چىقىپ، يېڭىۋاشتىن «ئېتنىك مەنبە» ۋە «تىل مەنبەسى قىزغىنلىقى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېقىندا بىر ئاپتور «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىلمىي پاكىتقا تايىنىدىغان بولساق، «دىۋان»نى قىپچاق ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا يېزىلغان قەدىمكى قىپچاق يازما يادىكارلىقلىرى قاتارىغا قوشۇلىدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان مەدەنىي مىراس، بىباھا گۆھەر دېگەن تۈزۈك»① دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ قايسى قوۋمغا مەنسۇپلۇقى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «تۈرك تىلى» (خاقانىيە تۈركچىسى)نىڭ تىل تەۋەلىك مەسىلىسى ئۈستىدە كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتىم.

## 1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرى مەسىلىسى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپلۇقى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانىكەن، ئۇنداقتا قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىك مەسىلىسى مۇئەللىپنىڭ ئەسىرىنىڭ تىل تەۋەلىك مەسىلىسىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى «21 ـ

ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەتقىقاتلار» دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىشنى لايىق تاپتىم.

21 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تەتقىقاتلارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، 1756 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەتقىقاتلار بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

1. ئۇيغۇرلار قۇرغان دېيىش.
2. تۈركمەنلەر قۇرغان دېيىش.
3. ياغمىلار قۇرغان دېيىش.
4. قارلۇقلار قۇرغان دېيىش.
5. قارلۇق، ياغمىلار قۇرغان دېيىش.
6. چىگىللەر قۇرغان دېيىش.
7. ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار بىرلىكتە قۇرغان دېيىش.
8. تۈركلەر قۇرغان دېيىش.
9. شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر قۇرغان دېيىش.
10. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە پامىر رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قۇرغان دېيىش.

بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇرلار قۇرغان»، «ياغمىلار قۇرغان»، «قارلۇقلار قۇرغان» دېگەن قاراشلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

21 ـ ئەسىردىكى، يەنى 2000 ـ يىلىدىن كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ ئالغا سۈرگەن مەركىزىي ئىدىيىسى بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردىن كۆپ تەرەپلەردىن پەرقلىنىدۇ، ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە كۆزقاراشلار تۆۋەندىكىچە:

1. قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە هازىرغىچە يېتەرلىك ماتېرىياللار يوق②.

2. ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، نۆۋەتتە مەزكۇر هاكىمىيەتنىڭ خان جەمەتىنىڭ قايسى مىللەتتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بېكىتىشكە بولمايدۇ. هازىر ساقلىنىۋاتقان هۆججەتلەرگە ئاساسەن، سۇلالىنىڭ هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئېهتىمال ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، چۇمۇل، ئوغراق، چارۇق ۋە بىر قىسىم ئاسسىمىلياتسىيىلەشكەن سوغدلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ③.

3. قاراخانىيلار خانلىقىنى 9 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان. قىنىق قەبىلىسى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يادرو قەبىلىسى بولۇپ، بىلگە كۆل قادىرخان ئۇنىڭ تۇنجى قاغانىدۇر، كېيىنكى قاغانلارمۇ مەزكۇر قەبىلىدىن كېلىپ چىققان④.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى، يەنى خان جەمەتى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ يەكۈنىمىزنىڭ پاكىتلىرىنى يەنىلا شۇ دەۋرنىڭ شاهىد ئەسىرى «دىۋان»دىكى بايانلار ۋە شۇ دەۋرنىڭ چاغداش يازمىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا بىر قىسىم يازما مەنبەلەردىن تاپالايمىز.

جامال قارشىي«سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە ئەبۇلفۇتۇھ ئەبدۇلجەببار كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» دېگەن ئەسىرىدىن ئۈزۈندىلەرنى كىرگۈزگەن، ئۇنىڭدىكى مەلۇماتتىن بىز قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خانىنىڭ نامىنىڭ بىلگە كۆل قادىرخان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

«بىلگە كۆل قادىرخان»دېگەن بۇ نام مەلۇم بىر خانىنىڭ نامىمۇ ياكى خانىنىڭ هۆرمەت نامىمۇ؟ «يېڭى

تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (217 ـ جىلد، 1 ـ قىسىم)دە، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇنداق مەلۇماتنى ئۇچرىتىمىز: «تيەن باۋنىڭ ئۈنجى يىلى (742 ـ يىلى) كۆربالا قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭ ـ سول ‹يابغۇ› دەپ ئاتاپ، باسمىللارغا يارەملىشىپ قۇتلۇق قاغاننى يوقاتتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن باسمىللارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئېلتەرىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى ‹كۆچلۈك بىلگە كۆل قاغان› دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تەڭرىزادە ئۇنىڭغا ‹دىيانەتلىك خان› دېگەن ئاتاقنى بەردى.»

بۇ مەلۇمات بىزگە «كۆچلۈك بىلگە كۆل قاغان» دېگەن نامنىڭ خاننىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى خانلىق ئاتىقىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۇيغۇر خانى كۆل بىلگە خان دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئەقلى سۇ يىغىلغان يەرگە، يەنى كۆلگە ئوخشاش كەڭ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەقىللىق كىشى ‹بكو بلكا bogü bilga› دەپ ئاتىلىدۇ»⑤ دېگەن بايانلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئىككى خانلىقنىڭ ئۈنجى قۇرغۇچىلىرىنىڭ نامىدىكى بىردەكلىك بۇ ئىككى خانلىقنى قۇرغان كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدا مەلۇم ئورگانىك باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر مەسىلە، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت دەپ قارىلىۋاتقان تارشىغا (قوزۇقىا) يېزىلغان ۋەسىقىنىڭ 2 ـ قۇرىدىكى «... بولمىش، ئورنانمىش، ئالپىن، ئاردام، ئېل تۇغ بولمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە تەڭرى خان... خانلىق تەختىدە بولۇپ، شەرقتە شاجودىن...» دېگەن بايانلار گەرچە ھازىرغا قەدەر مەزكۇر ۋەسىقىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار تەرىپىدىن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ» دەپ قارالسىمۇ⑥، ئەمما بۇ ۋەسىقىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان «ئالپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە تەڭرى خان» دېگەن بۇ نام دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئۈچ خانلىقنىڭ ئۈنجى خانلىرىنىڭ نامىنىڭ ئوخشاش ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتالغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىق قارىشى ۋە خانلىق ئەنئەنىسىدىكى بىردەكلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ياغمىلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى»دىن بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك، چۈنكى، مەھمۇد كاشغەريي بۇ ئىككى قەبىلىنى بايان قىلغاندا ئۇلارنى خاقانىيە تۈركلىرىدىن ئايرىپ بايان قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەريي ئەسىرىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا، ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى «تۈرك» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرى»نىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. پەقەت «دىۋان»دىكى ئومۇمىيلىق ۋە ئەينى دەۋردىكى دىنىي پەرق تۈپەيلىدىن بۇ ئىككى نامنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. ئەمما، ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇنلاردا خاقانىيە تۈركلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خەلق ئىكەنلىكىدىن ئېنىق بېشارەت بېرىدۇ.

مەسىلەن، ئۇ «ئۇيغۇر» سۆزىنى شەرھلىگەندە مۇنداق يازىدۇ:

uyγur ئۇيغۇر ـــ بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ايـنـان خد خرند inan huzhurand ـــ بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا،

شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ»دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «خىدىر huzhur» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن «خ» ھەرپى «ا - ئەلىف»قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ «ا - ئەلىف»نىڭ «خ»غا ۋە «خ»نىڭ «ا - ئەلىف»قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ «خمير hamir» دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى، ئوغۇزلار «امير amir» دېيەلمەي، «ا - ئەلىف»نى «خ»غا ئالماشتۇرۇپ «خمير hamir» دەيدۇ. شۇڭا، تۈرك ئەللىرىنى سامانى y ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى «خمير تكين hamir tagin»دەپ ئاتايدۇ. خۇددى «ئۇيغۇر»سۆزىدە كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە «ا - ئېلىف» ھەرپى «خ»غا ئالماشقان⑦.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ، كىتاب ۋە خەت - چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت - چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي يەنە مۇنداق يازىدۇ: «سەھرا - قىر خەلقلىرىدىن بولغان چومۇللارنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر تىل بولۇپ، ئۇلار تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قاي، ياباقۇ، تاتار، باسمىل قەبىلىلىرىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭمۇ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار، جۈملىدىن تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، ياغما، چىگىل، ئوغراق، چارۇق قەبىلىلىرى بىرلا خىل ساپ تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدۇ. يەمەك ۋە باشقىرت تىللىرى ئۇلارغا يېقىن. رۇم ئۆلكىسى يېنىدىكى بۇلغار، سۇۋار، پەچەنەكلەرنىڭ تىللىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئىخچاملاشتۇرۇلغان ئايرىم بىر خىل تۈركچىدۇر.

تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ. بالاساغۇنلۇقلار سوغدىچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ. تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق. ئىسپىجاپ شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا بۇزۇقلۇق بار، قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ...»⑧.

مۇئەللىپنىڭ بۇ يەردە «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىدىن بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ دەل مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، ئۇ كىتابىنىڭ باش قىسمىدىلا: «...مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇرغۇزغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۆپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلەشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە

سېغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ؛ ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پاناھ تاپىدۇ.

ئىشەنچلىك بىر بۇخارالىق ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق باشقا بىر ئالىمنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىزدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» دېگەنىكەن.

بۇ ھەدىسكە شۇ ئېيتقۇچى كىشىلەرنىڭ ئۆزى جاۋابكار. بۇ ھەدىس راست بولسا، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ. راست بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ.

شۇڭا، مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تونۇلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.

ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويدۇم»⑨.

دېمەك، بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنى ئىگىلەش سەۋەبى ۋە جەريانىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۆزى ئىگىلەش زۆرۈر بولمىغان «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار»نى بۇ دائىرىگە كىرگۈزمەيدۇ.

قارلۇق ياكى ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغان خەلقلەردىن ئەمەسلىكىنى تۆۋەندىكى ئۇزۇندىلەردىن تېخىمۇ ئېنىق بىلەلەيمىز. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي قارلۇق، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ۋە ئادەتلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

qarluq قارلۇق — ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر. ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ. («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە 618 ـ بەت.)

qarluqlandi قارلۇقلاشتى — قارلۇق قىياپىتىگە كىردى. قارلۇق — تۈركمەنلەرنىڭ بىر قىسمى. («دىۋان» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە 402 ـ بەت.)

tat تات — پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە، پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تتغ كوزرا تكانك تبرا» ـ تاتنىڭ كۆزىگە (ئۇر)، تىكەنىنىڭ تۈۋىگە. تات ـ توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، « tat tavγac » دەيدىكەن. بۇ «ئۇيغۇر ۋە چىنلىق» دېگەن بولىدۇ. يۇقىرىقى ماقال بۇلارغا (ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلارغا) قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋاپاسىز كېلىدۇ، شۇڭا تىكەننى يىلتىزىدىن كېسىش لازىم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرنىڭمۇ كۆزىگە ئۇرۇش لازىم دېمەكچى. يەنە بىر ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس.» بۇنىڭ مەنىسى باشسىز بۆك بولمىغىنىدەك، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ. («دىۋان» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە 409 ـ، 410 ـ بەت.)

بۇ يەردە سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، تات — پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى، يەنى ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «تات» ئۇيغۇرلارنى

كۆرسەتمەيدۇ. ئىككىنچى، تات ــ توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، «tat tavγac» دەيدىكەن. بۇ «ئۇيغۇر ۋە چىنلىق» دېگەن بولىدۇ. ئۈچىنچى، توخسى ۋە ياغمىلارنىڭ نەزىرىدىلا «ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلار ۋاپاسىز كېلىدۇ» دەپ قارالغان. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار خانلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا ياغما، توخسى قاتارلىق قوۋملار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقانلىقى تەبىئىي.

يادا ــ بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار(يادا تاشلار)نىڭ ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى. («دىۋان» 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.)

«بىستە» ــ ئۆيگە چۈشكەن سودىگەرلەرنى قوندۇرىدىغان سارايۋەن. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى سېتىشىپ بېرىدۇ، قويلىرىنى يىغىشىپ بېرىدۇ ۋە سودىگەرلەرنى كۈتىدۇ. سودىگەر كېتەر ۋاقتىدا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە قوي ھېسابىدا بىر قوي ئالىدۇ. توخسى، ياغما، چىگىل قەبىلىلىرىدە مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. («دىۋان» 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە 96 ـ بەت.)

ئەگەر خان جەمەتى ياغمىلاردىن بولسا مەھمۇد كاشغەرىي بۇ خىل ئادەتلەرنى ئۆزى بىلگەن بولاتتى، ھەرگىزمۇ «مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم»، «ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېمىگەن بولاتتى.

«قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ياغمىلاردىن ئىدى» دېگەن كۆزقاراشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق كۆرسىتىدىغان پاكىتلىرىدىن بىرى: «ياغما خانى بۇغراخان دەپ ئاتالغانىكەن،ئۇنداقتا بۇ ئاتاقنى قوللانغان قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى تەبىئىي ھالدا ياغما قەبىلىسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق تەتۈر دەلىل كىشىنى ھەرگىزمۇ قايىل قىلالمايدۇ. بىرىنچىدىن، «بۇغراخان» قاراخانىيلار قوللانغان كۆپ خىل ئاتاقلارنىڭ بىرى. «دىۋان»نىڭ «بۇغرا»غا مۇناسىۋەتلىك ماددىسىدا مەزكۇر سۆزنى «ئەركەك تۆگە» دېگەن مەنىدە دېگەن. پەقەت بىرلا يەردە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئاتىقى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئېنىقكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزىرىدە بۇ ئاتاق ئەڭ مۇھىم ئاتاقلارنىڭ تەركىبىدە ئەمەس ئىكەن. ئىككىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى «مۇئجەمۇت ـ تەۋارىخ ۋەلقىسەس»دىكى بۇ ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيمىز ھەمدە مۇئەللىپى نامەلۇم بۇ ئەسەردىكى جەدۋەلدە «ياغما خانى»بىلەن «قەشقەر خانى»نى بىللە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ شەرھلەپ بېرەلمەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم»، «زەينۇل ـ ئەخبار» بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار بولغان جەدۋەلدىكى خاتىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغان تەقدىرىمىزدىمۇ، بىز قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ ياغمىلاردىن چىققان دېگەن قىياسىنى بېكىتكىلى بولمايدىغان يېگانە ئىسپاتلىقىنى جاكارلايمىز»⑩.

يۇقىرىقى قاراشنى قوللىغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىدىغان يەنە بىر پاكىتى «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم»دىكى «كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى پاكىت ئاساسى قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەر «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم»دىكى ياغمىلارغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئەسلىي مەنبەسى بىلەن سېلىشتۇرمىغان، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەستايىدىل ئانالىز قىلماي‌لا بۇ يەكۈننى چىقارغان.

تۆۋەندە بىز «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم»نىڭ مىنورسكىي تەرىپىدىن 1937 ـ يىلى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، 1970 ـ يىلى لوندوندا 2 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان نۇسخىسى بىلەن ۋاڭ جىلەي ئەپەندى

1983 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسى ۋە 2003 ـ يىلى ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى:
«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم»نىڭ «ياغما دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا» دېگەن قىسمىدا تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىمىز:

East of it is the Toghuzghuz country (nāhiyat); south[?]of it, the river Khūland-ghūn which flows into the Kuchā river; west of it are the Khallukh borders (hudūd). In this country there is but little agriculture, (yet) it produces many furs and in it much game is found.

其东为九姓古斯国；南(?)为胡兰根河，该河注入库车河；西为葛逻禄边境。此国仅有少量农业，(但)出产许多皮毛，还有大量猎物。

ياغمىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىدە توققۇز ئوغۇز دۆلىتى، جەنۇبىدا (؟) خورانگىن دەرياسى بار. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىدە قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا ـ رايونلىرى بار. بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقى تازا روناق تاپمىغان، بىراق يۇڭ ـ تېرە كۆپ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسى بار.

Their wealth is in horses and sheep. The people are hardly (sakht), strong, and warlike (jang- kun), and have plenty of arms. Their king is from the family of the Toghuzghuz kings. These Yaghmā (Yaghmā'iyān) have numereous tribes; some say that among them 1700 known tribes are counted. Both the low and the nobles among them venerate (namāz barand) their kings. The B. Lāq (B. lāqiyān) are also clan (qaum) of the Yaghmā mixed with the Toghuzghuz, and in their region there are a few villages (dih-ha - st andaki).

他们的财产是马匹和羊只。其人民坚韧，强壮，好战，武器很多。他们的国王与九姓古斯人的国王同族。这些样磨人有众多的部落。有人说，他们当中知名的部落计有1千七百。他们无论是低阶层的人和贵族，都尊敬他们的国王。B. Lāq(B. lāqiyān)也是一个样磨氏族，与九姓古斯人混合了。在样磨国村庄很少。

ئۇلارنىڭ بايلىقى ئات ۋە قوي. ئادەملىرى قەيسەر، كۈچلۈك، ئۇرۇشخۇمار؛ قۇراللىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر قوۋمدىن. ياغمىلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردىن نامدار 1700 قەبىلە بار ئىكەن. ئۇلار مەيلى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بولسۇن، ياكى ئاقسۆڭەك بولسۇن، پادىشاھىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. بىلاق (B. Lāq (B. lāqiyān) مۇ ياغما قەبىلىسىدىن بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ياغما دۆلىتىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى ناھايىتى ئاز.

1. Kāshghar belongs to Chinistān but is situated on the frontier between the Yaghmā, Tibet, the Khirkhiz, and the China. The chiefs of Kāshghar in the days of old were from the Khallukh, or from of the Yaghmā.

The mountain Ighrāj-art traverses (andar miyān) the Yaghmā country (nāhiyat-i Yaghmiyā[sic]).

喀什噶尔，属中国，但位于样磨、吐蕃、黠戛斯与中国之间的边境上。喀什噶尔的

首领们往昔是葛逻禄人或样磨人。

伊格拉吉·阿尔特山横穿过样磨国。

كاشغەر جۇڭگوغا تەۋە، ياغما، تىبەت، قىرغىزلارنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان. كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان.

2. Artūj(spelt: B.rtūj)was populous village of the Yaghmā, but snakes grew(so)numerous(ghalaba grift)(that) the people abandoned the village.

阿图什(拼作: B.rtūj)，是个样磨的村庄，人口众多。但因那里蛇特别多，故人民抛弃了这个村子。

ئاتۇش B.rtui(دەپ يېزىلىدۇ) — ياغمىلارنىڭ بىر قىشلىقى، نوپۇسى كۆپ، بىراق بۇ يەردە يىلان ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بۇرۇنقىلار بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن.

3.KHIRM.KI(Khirakli?),a large village. (The people)are Artūjians(spelt: Bartūji). In the village are three kinds of Turks: Yaghmā, Khallukh, and Toghuzghuz.

KHNIRM.KI(Khirakli?、是一个大村庄。(人民)时阿图什人(拼作 Bartūji)这个村子里有三种突厥人：样磨人、葛逻禄人和九姓古斯人。

KHNIRM.KI(Khirakli?) كىنىزىمكىل — بىر قىشلاق. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئاتۇشلۇقلار بولۇپ(Bartūji)، بۇ كەنتتە ئۈچ خىل تۈركلەر — ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار ياشايدۇ.

بىز يۇقىرىقى مەلۇماتتىن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى ئابزاستىكى west of it are the Khallukh borders(hudūd) دېگەن جۈملە ئۇيغۇرچە نەشرىدە «غەربىدە قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا - رايونلىرى بار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ بۇ ئەسلى «غەربىي قىسمى قارلۇقلارنىڭ چېگرا - پاسىللىرى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولاتتى. بۇ يەردە ئەسلى تېكىستتە مەۋجۇت بولمىغان «دۆلەت» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ قالغان.

«بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقى تازا روناق تاپمىغان، بىراق يۇڭ - تېرە كۆپ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسى بار» دېگەن سۆز بىلەن ئىككىنچى ئابزاستىكى «ئۇلارنىڭ بايلىقى ئات ۋە قوي... ياغما دۆلىتىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى ناھايىتى ئاز» دېگەن بايانلارغا كەلسەك، بۇ بايانلار كىشىگە تەبىئىي ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان بىر ئەلنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، بۇ قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

«Their king is from the family of the Toghuzghuz kings» دېگەن جۈملىدىكى «family of the Toghuzghuz kings» دېگەن جۈملە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرىدە «ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر قوۋمدىن» دەپ تەرجىمە قىلىنماي «ئۇلارنىڭ خانى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى بىر جەمەتتىن» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولاتتى. چۈنكى، «family» سۆزى «ئائىلە»، «جەمەت» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ «قوۋم» بىلەن «جەمەت» ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم. ئەگەر، بۇ سۆز توغرا تەرجىمە قىلىنمىسا ياغمىلار بىلەن توققۇز ئوغۇز خانلىرىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى ياخشى شەرھىلەنمەي قالىدۇ.

Kāshghar belongs to Chinistān but is situated on the frontier between the Yaghmā, Tibet, the Khirkhiz, and the China.

بۇ ئابزاستىكى Chinistān، «ھودۇدۇل ـ ئالەم»نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بىۋاستە ھالدا جۇڭگو دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل ئۇقۇم خاتالىقى جۇملىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدىكى «ئەمما، ياغما، تىبەت، قىرغىزلارنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان» دېگەن سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ لوگىكىلىق خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، Chinistān دېگەن سۆزنى بىۋاستە «جۇڭگو» دەپ ئەمەس، بەلكى ئەسلى تېكىستىكە سادىق بولغان ئاساستا «چىنىستان» دەپ تەرجىمە قىلىنغاندا، پۈتۈن ئابزاستا لوگىكىلىق خاتالىقتىن ساقلانغاندىن سىرت «دىۋان»غا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىر ۋەسىقىلىرىدىكى «چىن»ئۇقۇمىنىمۇ ياخشى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنگلىزچىدىكى «but» (ئەمما) دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر ئۇلانما پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسىگە تەسىر يەتكۈزگەن.

كۆپلىگەن كىشىلەرنى خاتا ھۆكۈمگە باشلىغان تۆۋەندىكى جۈملىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى:

The chiefs of Kāshghar in the days of old were from the Khallukh, or from of the Yaghmā.

بۇ جۈملە مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە «كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىمۇ ئىنگلىزچىدىكى chiefs (سەردارلار) سۆزىدىكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى «s» بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى «[们]» چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئەسلىي «كاشغەرنىڭ سەردارلىرى» بولسا توغرا بولغان بولاتتى. بۇ جۈملىنى «قاراخانىيلارنىڭ قورغۇچىلىرى ياغمىلاردىن ئىدى» دېگەن پاكىتقا ئاساس قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەر مەزكۇر جۈملىدىكى «ئىلگىرى» دېگەن ئېنىقلىغۇچىغا دىققەت قىلمايلا «كاشغەرنىڭ سەردارلىرى قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن بولغانىكەن، قاراخانىيلارنىڭ قورغۇچىلىرى ئەلۋەتتە قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن بولۇشى كېرەك» دېگەن خاتا يەكۈننى چىقارغان. ئەگەر بىز «كاشغەرنىڭ سەردارلىرى ئىلگىرى قارلۇقلار ياكى ياغمىلاردىن بولغان» دېگەن جۈملىنى ئالدىرىماي توغرا ئوقۇيدىغان بولساق، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋرلەردە كاشغەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاللىقاچان قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز.

«ھودۇدۇل ـ ئالەم»نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىكى ئاتالمىش «ئاتۇش» توغرىسىدىكى بايانلارمۇ مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلارنى بىر مەھەل قايمۇقتۇرۇپ قويىدى. تۆۋەندە بىز بۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقايلى:

Artūj (spelt: B.rtūj) was populous village of the Yaghmā, but snakes grew(so)nu merous(ghalaba grift) (that) the people abandoned the village.

«ھودۇدۇل ـ ئالەم»نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «Artūj(spelt: B.rtūj)» دېگەن سۆزنى بىۋاستە «ئاتۇش» دەپ ئىشلەتكەن. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر ئەسلىي تېكىستتىكى «Artūj» دېگەن سۆزگە قاراپلا بۇنى «ئاتۇش بولۇشى مۇمكىن» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. مەزكۇر سۆزگە مىنورسكىي تەرىپىدىن قويۇلغان يۇلتۇز بەلگىسى ۋە ئەسلى تېكىستتە يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان «spelt: B.rtūj » B.rtūj (دەپ يېزىلىدۇ) دېگەن سۆزگە ئېرەن قىلمىغان ۋە مەزكۇر سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىلا «ئاتۇش» دەپ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ئىزاھاتمۇ بەرمىگەن. شۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر نۇسخىلىرىدىن پايدىلانغۇچىلار ئەسلىي مەنبەنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى ۋە ئىستىكىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇنىڭدىن خاتا پايدىلانغان.

بۇ خاتالىقنى قويۇپ تۇرۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشرىدىكى «ئاتۇش» (B.rtui

دەپ يېزىلىدۇ) ياغمىلارنىڭ بىر قىشلىقى، نوپۇسى كۆپ، بىراق بۇ يەردە يىلان ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بۆرۈنقىلار بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن» دېگەن جۈملىنىڭ ئۆزىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ، مەزكۇر جاينىڭ «يىلان كۆپ بولغانلىق» سەۋەبىدىن «بۆرۈنقىلار» تەرىپىدىن تاشلاپ كېتىلگەن ئادەمزاتسىز جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر، مۇشۇنداق بولغاندىمۇ «Artūj)spelt: B.rtūj(» دېگەن سۆزنى «ئاتۇش»دەپ چۈشىنىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق.

KHIRM.KI(Khirakli?), a large village. (The people)are? Artūjians(spelt: Bart?ji). In the village are three kinds of Turks: Yaghmi, Khallukh, and Toghuzghuz.

دېگەن ئابزاستىكى (?KHIRM.KI(Khirakli دېگەن نام، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدا KHNIRM.KI دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئابزاستىمۇ مەزكۇر كەنتنىڭ ئاھالىسى بولغان Bartūji :(Artūjians spelt)نى يەنىلا خاتا ھالدا «بۇ يەرنىڭ خەلقى ئاتۇشلۇقلار» دەپ ئېشلىتىپ «ئاتۇشلۇقلار»دىن ئىبارەت يېڭى بىر خەلق توپىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەمدى بىز «ھودۇدۇل - ئالەم»دىكى بايانلارنى «دىۋان»دىكى بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا سېلىشتۇرساق، يەنە بىر قىسىم يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

«دىۋان»دا مەھمۇد كاشغەرىي ئاتۇچ ھەققىدىكى تېرمىندا مۇنداق يازغان:

?artuc ئارتۇچ — ئارتۇش دەرىخى. كاشغەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار[11].

مىنورسكىمۇ (Artūj(spelt: B.rtūj دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىتىدىغان مەنىسىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا يۇلتۇز بەلگىسى قويۇپ قويغان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ سۆزنى بىۋاسىتە ئاتۇش دەپ ئىشلىتىشى «دىۋان»دىكى خاتىرىلەرگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، «دىۋان»دا ئاتۇشنى ئېنىق قىلىپ «ئارتۇچ» دەپ يازغاندىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرىي يەنە مۇشۇ نامدا ئاتالغان ئىككى يۇرتنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىشنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويمىغان. ئەگەر «(Artūj(spelt: B.rtūj» دېگەن بۇ نام ھەقىقەتەن ئاتۇشنى كۆرسەتسە، مىلادىيە 982 - يىلى يېزىلغان «ھودۇدۇل - ئالەم»نىڭ پارسلاردىن بولغان ئاپتورى كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىنىڭ شاھىدى بولغان بۇ بازارنى ھەرگىزمۇ «B.rtūj» دەپ خاتا خاتىرىلەپ قويمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ساتۇق بۇغراخاننىڭ سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دالالىتى بىلەن مەزكۇر ئەسەر يېزىلىشتىن تەخمىنەن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى پۈتۈن ئىلىم ئەھلىگە ناھايىتى ئېنىق بىر ئىش.

بىزنىڭچە، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن يۇرت ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدىكى مەلۇم تاغلىق جىلغىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، «دىۋان»دىكى « ila ئىلى. بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر» دېگەن بايانلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

بەلكىم يەنە بەزى كىشىلەر مەزكۇر خاتىرىدىكى «... جەنۇبىدا (؟) خورانگىن دەرياسى بار. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ[12]» دېگەن بايانلارغا ئېسىلىۋېلىپ، «كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ»غان دەريا بار ئىكەن، بۇ يۇرت قانداقسىگە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى مەلۇم بىر يۇرت بولۇپ قالىدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. بىراق، شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، «ھودۇدۇل - ئالەم»نىڭ ئاپتورى پارسلار زېمىنىدىن باشقا جايلارنى خاتىرىلىگەن بايانلىرىدا نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتىمىزدا «خورانگىن دەرياسى» دەيدىغان دەريانىڭ بولغانلىقىنى يەرلىكتە يېزىلغان ھېچقانداق بىر يازما مەلۇماتتىن تاپقىلى بولمايدۇ.

دېمەك، بىز «ھودۇدۇل ـ ئالەم»دىكى ياغما ۋە قەشقەرگە دائىر بايانلارنى توغرا شەرھلىيەلىسەكلا، ئاندىن قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ ياغمىلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەلەيمىز ۋە ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەت مەركەزلىرىگە قارىتا بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچىگە كېلەلەيمىز.

«قاراخانىيلار خانلىقىنى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان» دېگەن قاراشمۇ «دىۋان»نى سىستېمىلىق تەتقىق قىلمايلا چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە بۇرۇنقى ئەمگەكلىرىمىزدە توختىلىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرماسلىقنى لايىق تاپتۇق⑬.

سوغد يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار دائىرىسىدە ئورتاق ئىشلىتىلىشىمۇ بۇ ئىككى خانلىق كىشىلىرىدىكى مىللىي بىرلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقىدا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، قاراخانىيلار خانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يەنىلا كەڭ قوللىنىلىدىغان يېزىق بولۇپ، ئەرەب يېزىقى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۇ خىل ھالەت ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقان⑭.

## 2. «دىۋان»دا ئاساس قىلىنغان تىل مەسىلىسى

تارىخ تىلشۇناسلىقى (سېلىشتۇرما تارىخي تىلشۇناسلىق ــ Comparative−Historical linguistics دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)نىڭ مۇھىم نىشانى ــ بىرخىل تىلنىڭ قانداق ۋاقىت ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئەمەل قىلغان تەرەققىيات يولىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق تىلنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىش شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىش شەكلىدە، ھازىرقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان تىل شەكلى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ھەمىشە، تارىخ تىلشۇناسلىرى ئىلگىرىكى تىل شەكلىنى قايتا بارلىققا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ خىل قايتا بارلىققا كەلتۈرۈش، تىلنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى تەرىپىدىن بايقالغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئىگە بولغان تارىخي پاكىتلار بىلەن تولۇقلاشتىن ئىبارەت⑮.

يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە بولغاندا، «دىۋان»نى ئاساس قىلغان «خاقانىيە تۈركچىسى»نىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت، خالاس. بۇنى تىل پاكىتلىرىدىن باشقا تارىخي پاكىتلارمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ نۇقتىنى رۇسىيىنىڭ تۈركولوگلىرىدىن باسكاكوف، مالوف، ساموئىلوۋىچ قاتارلىقلار ئۆز ئەمگەكلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. باسكاكوف ھەتتا «دىۋان»دا ئاساس قىلىنغان خاقانىيە تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ ئۆتكەن⑯.

تۈركىي تىللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخىدا سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى ۋە بەزى ساھەلەردە تارىخي سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى قوللىنىپ سىنتېز قىلىشقا ئىنتىلىش بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى.

تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى «دىۋان»نىڭ ئاپتورى بولغان مەھمۇد كاشغەرىي ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل «دىۋان»دا تۈركىي تىل ياكى «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن، شۇنداقلا

ئوغۇز، قىپچاق تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ⑰.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ ۋە ئايرىم تۈركىي تىللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى خەلقلەر تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنمىغانىدى. ۋەھالەنكى، تۈركىي تىللارنى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي جەريانىغا ئانچە ـ مۇنچە قاراپ قويۇپلا، ئاساسىي جەھەتتىن تىل قائىدىلىرىگە تايىنىپ تۈرگە ئايرىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىلا باشلانغانىدى.

ئەمما، بۇ خىلدىكى تۈرگە ئايرىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلار، بىر تەرەپتىن تۈركىي تىللارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ۋە كونكرېت ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ئىشەنچلىك مەنبەلەرنىڭ تېپىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن راۋاج تاپالمىغانىدى. ھازىرقى زاماندا بۇنداق بوشلۇقلار مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلانغان، گەرچە يەنىلا پىششىقلانمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىرقەدەر ئەتراپلىق ماتېرىياللارغا تايانغان ۋە تىللار تەرەققىياتى بىلەن شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك باغلىنىشلارنى بەلگىلەيدىغان تارىخ تىلشۇناسلىقى ئۆلچەملىرى ئاساسىدىكى تۈركىي تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىش (كلاسسىفىكاتسىيە) سخېمىسىنى سىزىپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بار.

تۈركىي تىللار ھەققىدىكى ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار، شۇنداقلا بۇ تىللاردا يېزىلغان قەدىمكى يادىكارلىقلار خەلقلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم دەۋرلەرنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ خەلقلەر تىللىرىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى، گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

كاسترېن، بارتولد، رادلوف، مېلىئورانسكىي، مالوف، ۋلادىمىرتسوف، رامستېد، كوتۋىچ، گرىيونبېك، جەفەر ئوغلۇ قاتارلىق تۈركولوگلار تۈركىي تىللارنىڭ ۋە ئاساسلىق تىل تۈركۈملىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئالتە دەۋرنى بەلگىلەپ چىقتى. تۈركىي تىللار ئاددىيغىنا گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشقا ئىگە بولغان قەدىمكى تىللاردىن تارتىپ تاكى بۇ تىللارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مۇكەممەللەشكەن ھالىتىگىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا مۇشۇ ئالتە دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنى (1) ئالتاي دەۋرى؛ (2) ھون دەۋرى (مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە)؛ (3) قەدىمكى تۈرك دەۋرى (5 ـــ 10 ـ ئەسىرلەر)؛ (4) ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى ياكى ئاساسلىق تۈركىي قەبىلە تىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى (10 ـــ 15 ـ ئەسىرلەر)؛ (5) يېڭى تۈرك دەۋرى ياكى تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى (15 ـــ 20 ـ ئەسىرلەر)؛ (6) يېقىنقى زامان دەۋرى⑱.

مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ لۇغىتىدە قىپچاقلار بىلەن ئوغۇزلارنى ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى بىر قاتار فونېتىكىلىق ئالامەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن (تۈركلەردىن) پەرقلەندۈرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇپ سېلىشتۇرغانلىقى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئالدىنقى دەۋردە، يەنى ھۇن دەۋرىدە بۇ تىللار تېخى رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتمىگەنىدى ۋە بىر پۈتۈن ئوغۇز ـ قارلۇق ـ قىپچاق تۈركۈمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ تۈركۈم كېيىنچە بىر تەرەپتىن قارلۇق (ئۇيغۇر) تۈركۈمىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇز ـ قىپچاق تۈركۈمىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاخىرقىسى

بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى بىر مەزگىلگە بارغاندا ئوغۇز ۋە قىپچاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى⑲.

تۈركىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى قەدىمكى تۈرك دەۋرىدىن ئىبارەت. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدىن يەنە ئۈچ تارماق دەۋرگە بۆلۈنىدۇ: (1) تۈرك دەۋرى (5 ــ 8 ـ ئەسىرلەر)؛ (2) قەدىمكى ئۇيغۇر دەۋرى (8 ــ 9 ـ ئەسىرلەر)؛ (3) قەدىمكى قىرغىز دەۋرى (9 ــ 10 ـ ئەسىرلەر). قەدىمكى تۈرك دەۋرى تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بۆلۈنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋردىكى موڭغۇل تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي هون قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر بىلەن چېتىشلىق بولدى. تۈركىي تىللار بولسا ئۇنىڭدىن سىرت غەربتە كەڭ تارقالدى. چۈنكى، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي هونلار تەركىبىگە كىرەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى خۇددى 682 ــ 745 ـ يىللاردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش، ئىلگىرى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ پەقەت شەرقىي قىسمىغىلا تەۋە بولغان قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشى ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالغان هالدا غەرب تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى ۋە جۇڭغارىيىدە يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنى تەشكىل قىلدى. بۇ دۆلەت ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي هۆججەتلىرىدە توققۇز ئوغۇز دۆلىتى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، تاكى موڭغۇل ئىستېلاسىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ۋە شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيىتىنى ياراتتى⑳.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدىن كېيىن كۆپلىگەن تىل يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى، بۇ يادىكارلىقلار خرونولوگىيە جەھەتتىن ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكىلىرى تاشقا ئويۇلغان بەلگىلەر بولۇپ، ئورخۇن تۈركلىرىنىڭ يېزىقى بىلەن ئوخشاش. بۇلار گ. رامستېد تەرىپىدىن تېپىلغان ئابىدىلەردىن ئىبارەت㉑.

ئىككىنچى دەۋرنىڭ يادىكارلىقلىرى بۇرۇنقىلىرىدىن باشقىچە يېزىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغان. بۇ يېزىقنىڭ سوغدىلاردىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ يادىكارلىقى (سېلىنگا مەڭگۈ تاشلىرى) دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ قاتاردىكى يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن 9 ــ 10 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئەدەبىي يېزىق تىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مانى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ دىنىي ۋە دىنىي پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئەدەبىي يېزىق تىلى بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق هالىتىدە بولغان نۇرغۇن ئۇيغۇرچە سىياسىي قانۇن ۋە ئىقتىسادىي قانۇن هۆججەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ هۆججەتلەر تۆرلۈك دەۋرلەرگە يەنى5 ــ 8 ـ ئەسىرلەردىن 10 ـ ئەسىرگىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەزگىللەرگە تەئەللۇق㉒.

يېزىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىدىن بىرى. «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان هەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى يېزىلىدىغان يېزىق»㉓ بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاهىدىلىكى بويىچە بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، شۇ دەۋر ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى مەزكۇر تىل ـ يېزىقتا يازغانىدى، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «ئەتەبەتۇل ـ هەقايىق» مەزكۇر تىل ـ يېزىقنىڭ نامايەندىلىرىدىن ئىدى㉔.

ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار

دەۋرىدىكى (10 — 12 ـ ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز ـ قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (12 — 13 ـ ئەسىرلەر( چاغاتاي تىلىنىڭ (13 — 14 ـ ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (13 — 14 ـ ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ (15 — 19 ـ ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (17 — 19 ـ ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلدى㉕.

تۈركىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ تۆتىنچى دەۋرى ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى (10 — 15 ـ ئەسىرلەر) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر ھازىرقى زاماندىكى ھەممە تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ تىللار ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مىلادىيە 15 — 16 ـ ئەسىرلەردە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىنى قاراخانىيلار دەۋرى (10 — 12 ـ ئەسىرلەر)، موڭغۇل دەۋرى (13 — 15 ـ ئەسىرلەر) دەپ ئىككى تارماق دەۋرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىز باسكاكوفنىڭ «قاراخانىيلارنى قارلۇق ۋە ئۇيغۇرلار بىرلىكتە قۇرغان» دېگەن پىكرىگە قوشۇلالمىساقمۇ، ئۇنىڭ شۇ دەۋرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى شەرھلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. باسكاكوف مۇنداق يازىدۇ:

تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇمكى، 10 ـ ئەسىردە قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇدرەت تاپتى ۋە يەتتىسۇدا تۈرك قاراخان سۇلالىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى ياكى ئېلىك خانلار سۇلالىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنى قۇردى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەركىزى دەسلەپتە بالاساغۇندا بولغانىدى، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلدى. قاراخانىيلار ئۆز تەسىرىنى پۈتكۈل سىر دەريا ئەتراپىدىكى جايلارغىچە ھەم سامانىيلارنىڭ غەربتىكى زېمىنلىرى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەرگىچە كېڭەيتتى. قاراخانىيلار دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇششاق فېئودال بەگلىكلىرىنى، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېكىنزارلىقلارنى ۋە ئۇ يەرلەردىكى تۈرك ھەم پارسلاردىن تەركىب تاپقان ئاھالىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ يۇكسەك مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ قالدى. قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىدىكى تۈركىي ـ ئىرانىيلاردىن ئىبارەت بولغان مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ئىككى خەلقنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئەكس ئەتتى. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ مۇنداق ئىككى تارقىلىش مەركىزى بولغانلىقى ئېھتىمال: بىرىنچىسى، شەرقتىكى بالاساغۇن بىلەن قەشقەردە؛ ئىككىنچىسى، سىر دەرياسى بويىدا. قاراخانىيلار دۆلىتىدە كەڭ تارقالغان پارس ئەدەبىياتى بۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى. شەرقتىكى قارلۇق ـ ئۇيغۇر دىئالېكتىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تىل ۋە غەربتىكى كېيىنچە خارەزمدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئوغۇز ـ قىپچاق دىئالېكتى ئاساسىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە پارس ئەدەبىياتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئەدەبىي تىللارنىڭ ھەر ئىككىلىسى يۇقىرى قاتلام فېئودال مەنسەپدارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەرەب ۋە پارس لېكسىكىسىنى ھەم مورفولوگىيىلىك ۋاسىتىلىرىنى كەڭ تۈردە قوللىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. لېكىن، خەلقنىڭ جانلىق تىلى چەت ئەل تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئانچە يولۇقمىدى. ئىمتىيازلىق سىنىپلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئايرىمچىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىنقى بىر ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى㉖.

جاھان تۈركولوگلىرى ئۆز ئەمگەكلىرىدە، «دىۋان»نىڭ تىلى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى ناھايىتى ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ساھەدىكى

قىزىق نۇقتىلارنىڭ يەنىلا ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ بىرى «ياغما تىلى» مەسىلىسىدۇر.

ئاتالمىش «ياغما تىلى» مەسىلىسىگە كەلسەك، بىر قىسىم كىشىلەر «ھودۇدۇل ـ ئالەم»دىكى ياغمىلارنىڭ پائالىيەت رايونى توغرىسىدىكى بىر قىسىم خاتىرىلەر (بىز يۇقىرىدا بۇ خاتىرىلەردىكى نۇقسانلارنى بىرمۇبىر شەرھلەپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز)گە قاراپلا «قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنى ياغمىلاردىن كېلىپ چىققان، ‹دىۋان›دا ئاساس قىلىنغان تىل ياغما شېۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن㉗» دېگەن قاراشنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پاكىتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «دىۋان»دىكى: «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى... » دېگەننى ئۈزۈندى قىلىپ ئېلىپ، ئۇلاپلا «بۇنىڭدا ‹يېنىكى› ۋە ‹توغرىسى› دېگەن ئېنىقلىغۇچىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. ‹يېنىك› دېگىنى، ئېھتىمال تەلەپپۇز قىلىشقا ئاسان دېگەنلىكنى بىلدۈرسە كېرەك. ‹توغرا› دېگىنى، شۈبھىسىزكى ئەدەبىي قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، توخسى ۋە ياغما قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرىنى ‹دىۋان›دا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ» دەيدۇ، ئەمما ئۆزى ئىستات ئالغان ئۈزۈندىنىڭ ئاخىرىدىكى جۈملىسى بولغان «... شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل دەرياسى ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ» دېگەن قىسمىنى كۆرمەسكە سالىدۇ.

ئەگەر، «دىۋان»نىڭ تىلى ياغما تىلى بولغاندا ئىدى مەھمۇد كاشغەرىي تۆۋەندىكى ئۈزۈندىلەرنى بۇ تەرىقىدە ئىشلەتمىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە:

ila ئىلى ــ بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر. («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 124 ـ بەت).

otran ئىشتان ــ بۇنى ياغما قەبىلىسىدىن ئاڭلىدىم («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 147 ـ بەت).

azɣiraq suvi ئازغىراق سۈيى ــ ياغما ئېلىدە بىر سۇ (دەريا) نامى. («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە 196 ـ بەت.)

mün شورپا ــ مەن ياغمىلاردىن ئاڭلىدىم. ئۇلار «شورپا كەلتۈر» دېيىشنىڭ ئورنىغا «mün kaldür» دەيدۇ ۋە ئۇگرىلىك شورپا كەلتۈرىدۇ («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 443 ـ بەت).

buɣra بۇغرا ــ تۆگىنىڭ بۇغرىسى. «بۇغراخان» دېگەن ئات شۇنىڭدىن كەلگەن. («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە 548 ـ بەت.)

tartuq تارتۇق ــ ياغما يۇرتىدا بىر شەھەرنىڭ نامى. («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 611 ـ بەت).

yaɣma ياغما ــ تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئېتى. بۇلار «قىرا يىغما ــ قارا ياغما» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ («دىۋان» 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 44 ـ بەت).

ياغما ــ تىرازغا يېقىن بىر يېزىنىڭ ئېتى. بۇ سۆز يۇقىرىدىكى سۆزدىن كەلگەن («دىۋان» 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 44 ـ بەت).

قۇشلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سېغىزغان بولسا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئازغاندۇر. ئازغان ــ سېرىق ۋە ئاق چېچەكلەيدىغان، ھالقىغا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قىزىل مېۋىسى بار بىر خىل ئۆسۈملۈك. بىزنىڭ تەرەپلەردە ئۇنى باغنىڭ چۆرىسىگە تېرىيدۇ. ئۇ ئوتۇن قىلىشقا يارىمايدۇ، چۈنكى كۆيگەندە ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي بىساتلارنى كۆيدۈرىدۇ. يەرنىڭ ئەسكىسى ئويمان،

دۆلەت ۋە ئىتتىپاق يەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق يەرلەردە چېدىر تىككىلى ۋە زىرائەت تېرىغىلى بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بارىسغانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى ۋە ئۆزلىرى بېخىل كېلىدۇ㉘.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ بايانىدىن بىز مۇئەللىپنىڭ يۇرتىغا قارىتا تېخىمۇ ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. شۇنداقلا باغىنىڭ ئەتراپىغا ئازغاندىن چىت ياسايدىغان بۇ ئادەتنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەمدى «دىۋان»دا ئاساس قىلىنغان تىلنى «قىپچاق تىلى» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ كولومبونىڭ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى تېپىپ «ھىندىستاننى تاپتىم» دەپ يەرلىك خەلقنى «ئىندىئان» دەپ ئاتىغىنىدىنمۇ چوڭراق بىر «بايقاش» بولۇپ، بۇ «بايقاش» قىلچە پاكىت ئاساسى بولمىغان كۆزقاراشتىن ئىبارەت، خالاس. تۈركولوگ، ئالىملارنىڭ تۈركىي تىللارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىغان دائىرىسىدىمۇ قىپچاق تىلى بىلەن «خاقانىيە تۈركچىسى (ئۇيغۇرچە)» ئىككى چوڭ كاتېگورىيىگە ئايرىلغان.

قىپچاقلار قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئېرتىش ۋە ئوب دەريالىرى ئارىلىقىدا ياشىغان كىمەكلەردىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، 11 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رەسمىي تۈردە كىمەكلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ، شەرقىي ياۋروپاغا قەدەر كېڭەيگەن. غەرب مەنبەلىرىدە كۇمان(Kumans/Cumans)، ۋېنگىرىيىلىكلەر كۇن (Kuns)، ئۇكرائىن ۋە رۇس مەنبەلىرىدە پولوۋتسىي (Polovtsians) دەپ ئاتالغان. رۇسلارنىڭ يازما مەنبەلىرىدە مىلادىيە 1054 – يىلى ئوغۇزلار بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەندىن باشلاپ، كېيىنكى مەزگىللەردە قىپچاقلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئاساسەن ئۇزۇلۇپ قالمىغان. قىپچاقلارنىڭ تىلى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەلۇماتنى يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ىدىن تاپىمىز㉙.

موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇنقى قىپچاق تىلى توغرىسىدىكى بىزگە ئايان بولغان مەلۇماتلار ناھايىتى كەمچىل. بىۋاسىتە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قىپچاق تىلىدىكى يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ بار – يوقلۇقى ئىلىم ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر مەلۇم ئەمەس㉚.

قىپچاق تىلىنىڭ ھەجىم جەھەتتىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەھمىيەتلىكرەك بولغان ھەممە ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، جانلىق تىل يادىكارلىقلىرى بىزنى پەقەت موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنكى دەۋردىكى تىل توغرىلىق نىسبەتەن تولۇقراق تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىستېلاچىلىقتىن كېلىپ چىققان قەبىلىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە بۇ تىل كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى قىپچاقلارنىڭ بىۋاسىتە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىغا كەلسەك، بۇ مەلۇماتلار تاسادىپىي ۋە ئۇزۇندى ھالەتتە بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئايرىم سۆز ۋە ئىبارىلەر، قىسقا مەكتۇپلار، جۇغراپىيىلىك ناملار ۋە خاس ئىسىملاردىن ئىبارەت.

بۇ خىلدىكى مەلۇماتلاردىن ئەڭ ئالدى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا كەلتۈرگەن 11 – ئەسىردىكى قىپچاقلار ۋە قىپچاقلارنىڭ تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئېلىشقا بولىدۇ، «دىۋان»دا باشقا تۈركىي تىللار قاتارىدا قىپچاق تىلىغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن㉛.

تۆۋەندە بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوغۇز – قىپچاقلارغا دائىر مەلۇماتلىرىغا قاراپ باقايلى:

tomür تۆمۈر — بۇ سۆز «كۆك تمر كرو ترماس» kok tomür korü turmas — دېگەن ماقالدىمۇ كەلگەن. بۇ «كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قىسىم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى

يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كۈندىلەڭ قويىدۇ ـ دە، «بو كوك كرسون قزل جقسون — bu kok kirsün qizil ciqsun» دەيدۇ. بۇ «ۋەدە بۇزۇلسا، قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ[32].

بۇ سۆزدىكى «چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ» دېگەن جۈملىدىنمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قوۋمدىن ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى شەخس نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تىل ۋە ئادەتلىرىنى بايان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، مۇئەللىپ بەلكىم «بىز قەسەم ئىچكەندە ...» ياكى «بىز تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىمىز» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتكەن بولاتتى.

tundi تۇتۇلدى؛ ئېتىلدى، توسالدى. kok tundi — ھاۋا تۇتۇلدى، ئاسمان بۇلۇتلاندى. qapugh tundi قوۋۇق ئېتىلدى. داۋان قار بىلەن قاپلانسا (توسالسا) «art tundi» دېيىلىدۇ (tunmaq - tunur)، ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار مۇنداق كەلگۈسى زامان پېئىلىنى فەتھە بىلەن «tunar» شەكلىدە ئىشلىتىدۇ[33].

پېئىللارنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ شەخسكە قارىتىلغان بۇيرۇق شەكلى بىر قائىدە ئاساسىدا ياسىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەرلەر سىيغىسى بىلەن ئاياللار سىيغىسى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ، مەسىلەن، بىر كىشىگە قارىتا «بر — بار» دېيىلسە، ئىككى كىشىگە قارىتا «برينكلار اكيكو baringlar ikigü — ئىككىڭلار بېرىڭلار»، كۆپلۈك ئۈچۈن «برينكلار قمغ baringlar qamugh — ھەممىڭلار بېرىڭلار» دېيىلىدۇ.

ئەگەر تىڭشىغۇچى ياشانغانلىقى ۋە ئورنى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىدىغان ئادەم بولسا، تۈركلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆپلۈك شەكلىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، «بار» دېيىش ئورنىغا «برك baring» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «بېرىڭلار»دۇر. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار بىرلىكتە « بر — bar — بار »، كۆپلۈكتە «برك baring» دەيدۇ. كۆپلۈك بەلگىسى بولغان «لار — lar//lar»نى چۈشۈرۈپ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بىرلىكتە ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈمچانلىق ئۈچۈن ئاۋۋال غۇننىلىك كاف «نك — ng»، ئاندىن «ز — z»، «نكز — ngiz»نى قوشىدۇ. دېمەك، ئوغۇز تىلىدا بىرلىكتىمۇ كۆپلۈك ئۈستىگە كۆپلۈك قوشۇلغان بولىدۇ[34].

پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلىدىكى بۇ خىل ھۆرمەت سۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدە ئۆز پېتى ساقلانغان.

تۈركلەردە پېئىللاردىن ياسىلىدىغان سۈپەتلەر ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، «بردجى bardaci — بارغۇچى»، «تردجى turdaci — تۇرغۇچى، قوپقۇچى» دېگەن سۈپەتلەرنى ئالساق، بۇ سۈپەتلەر ئۆتكەن زامان پېئىلىدىن ياسالغان، يەنى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «د ـ d» بىلەن «ى ـ يا» ئارىسىغا «ج ـ c» قوشۇلۇپ ياسالغان. ئوغۇز، قىپچاق، ياغما، ئوغراق، سۇۋارلار ۋە رۇس ئېلىگە قەدەر بولغان پەچەنەكلەر تىلىدا مۇشۇنداق قوللىنىلىدۇ .

تەركىبىدە «ق ـ q» ياكى «ك ـ k» كەلگەن، ياكى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەردە، ياكى باشقىلاردا بۇ قائىدە ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت، چىگىل، قەشقەر، بالاساغۇن، ئارغۇ، بارسخان ۋە يۇقىرى چىنغىچە بولغان ئۇيغۇر تىللىرىدا بۇ مەنىدىكى پېئىلدىن ياسىلىدىغان سۆزلەر پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىدىن ياسىلىدۇ[35].

ۋاقىت ـ چاغ ئىسىملىرى، ئورۇن ـ جاي ئىسىملىرى ۋە قورال ـ جابدۇق ئىسىملىرى: چىگىل، ياغما، توخسى، ئارغۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يۇقىرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر تىلىدا تەركىبىدە «ق ـ q» كەلگەن ۋە قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە يىلتىزغا «ghu ـ غۇ»، تەركىبىدە «ك — k، g» كەلگەن، ئاجىزلاشتۇرۇپ يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «غ — gh» ئورنىغا «ك»، يەنى «كو — kü//gü»

قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. ئوغۇز، قىپچاق، پەچەنەك، بۇلغار تىللىرىدا مۇنداق ئىسىملار بۇيرۇق پېئىلىغا «س، و، ى» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. («دىۋان» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 88 ـ بەت).

ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار سۆزنىڭ بېشىدىكى «ى ــ يا» ھەرپىنى «ج ــ j» بىلەن سۆزلەيدۇ. مەسىلەن، «ال مىنى جتى ــ ol mini jatti ــ ئۇ ماڭا يەتتى»، بۇنىڭ ئەسلى «ى ـ يا» بىلەن «يتى yatti» دۇر. تۈركلەر «suvda yundum ـ سۇدا يۇيۇندۇم» دېسە، ئۇلار «jundum» دەيدۇ. مۇشۇ قائىدە تۈركلەر بىلەن تۈركمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. («دىۋان» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە 460 ـ 461 ـ بەتلەر).

san سەن ــ تۈركلەر بۇ سۆزنى بالىلارغا، خىزمەتچىلەرگە، ياشتا ۋە مەرتىۋىدە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە ئىشلىتىدۇ، ئۆزلىرىدىن چوڭ، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى «سىز siz» دەيدۇ. ئوغۇزلار بۇنىڭ تەتۈرىچە، چوڭلارنى «سن san»، كىچىكلەرنى «سىز» دەيدۇ. كۆپلۈك ئۈچۈنمۇ «سىز»نى ئىشلىتىدۇ. قائىدىمۇ شۇنداق، چۈنكى «سىز» كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ («دىۋان» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 442 ـ بەت).

sanlatti سەنلەتتى ــ «ال انى سنلتى ol ani sanlatti ــ ئۇ ئۇنى (بالىلارغا قارىتىپ گەپ قىلغاندەك) سەنلەتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركلەر ئۆزىدىن چوڭلارنى «سىز» دەيدۇ، ئۆزىدىن مەرتىۋىدە كىچىكلەرنى «سەن» دەيدۇ. «ئۇ ئۇنى (كەمسىتىش ئۈچۈن) سەنلەتتى» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان («دىۋان» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 507 ـ بەت. 3 ـ توم، 171 ـ بەت).

sizlattim سىزلەتتىم ــ «مەن ئۇنى سىزلەتتىم»، يەنى مەن ئۇنى چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىپ سىز دېگۈزدۇم («دىۋان» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 507 ـ 508 ـ بەتلەر).

مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان ھۆرمەت سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەتبىقلىنىشىمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن.

مەھمۇد كاشغەرىي ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىنى مۇنداق دىئالېكتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تەرىپلەيدۇ: سۆز بېشىدا j < y، b < m، t < d، ئالمىشىشى ۋە سۆزنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا h < k، لارنىڭ ئالمىشىشى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەبىرىچە، ئۇ چاغلاردىكى قىپچاق، توخسى ۋە ياغما تىللىرىدا «ق ـ q» فونېمىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا «ش ـ s» تاۋۇشى ئالماشقان. بۇ ھال ھازىرقى زاماندىكى قازاق، قارا قالپاق ۋە نوغاي تىللىرىغا خاس㊱.

تارىختا قاراخانىيلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان دۆلەت زېمىنىدا قارلۇق ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئارال دېڭىزى بويىدا بولسا خارەزمنىڭ ئوغۇز ۋە قىپچاق قەبىلىلىرى موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن بۇ يەرلەرگە قىپچاقلار كېلىشتىن بۇرۇن، ھازىرقى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە خارەزم ۋادىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەنىدى㊲.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «قىپچاقچە» دەپ خاتىرىلىگەن تۈپ سۆز جەمئىي 23، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ «دىۋان»دا ئاساس قىلىنغان تىلنىڭ قىپچاق تىلى بولۇش ئېھتىماللىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مەھمۇد كاشغەرىي ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەۋە بۇ گۇرۇھنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپلا ئۇلارنىڭ تىلىغا ئۆز ئەسىرىدىن ئازراق ئورۇن بەرگەن، خالاس.

موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنكى دەۋردە پەيدا بولغان ئەڭ غەربتىكى دۆلەت ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنى مەركەز قىلىپ، جۇجى ئۇلۇسى قارىمىقىدا بولغان ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى 13 ــ 14 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. موڭغۇللار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ۋە كەتمەي قالغان بىر قىسىم موڭغۇللار يايلاقنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان

قىپچاقلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئورتاق تىلى تۈركىي تىل بولۇپ قالدى. يۇقىرى قاتلام فېئوداللار ئۆزىنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تىل دەسلەپتە ئۇيغۇر ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدا بولدى[38].

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خەلق تىلىمۇ، ئەدەبىي تىلىمۇ بىر خىل تىل ئەمەس ئىدى. شەرقتە، يەنى ئاساسلىق ئاھالىسى ئوغۇز ـ قىپچاق قەبىلىلىرى بولغان خارەزمدە ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئوغۇزچە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى، قىپچاقچە سۆزلەرنىڭ ئازلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، غەربتە ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ مەركىزىي قارارگاھىغا يېقىن جايلاردا قىپچاق قەبىلىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، خەلق تىلى ۋە ئەدەبىي تىل ئاساسىي جەھەتتىن قىپچاقچە ئالامەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ غەرب تىلىغا ئوغۇز قەبىلىلىرى يەنىلا خېلىلا تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى. بۇنىڭدىن سىرت، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشىدە خانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ نائىبلىرىنىڭ مەمۇرىيەتلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تىلنىڭمۇ رولى چوڭ بولدى. بۇ تىل ئۇيغۇر كاتىپلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئىش بېجىرگەنلىكتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلىرىنى ۋە مەخسۇس ھۆججەت ھەم يارلىقلارغا بېسىلىدىغان مەمۇرىي تامغىلارنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ساقلاپ قالغان: ئۇيغۇر يېزىقى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا تاكى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشلىتىلىپ كەلدى[37].

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تەركىبىدە تارىخىي يوسۇندا شەكىللىنىپ چىققان ئىككى مەدەنىيەت مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋردىكى ھەممە يادىكارلىقلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى گۇرۇپپا شەرقىي يادىكارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، خارەزمگە ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش جايلارغا تەئەللۇق؛ ئىككىنچى گۇرۇپپا غەربتىكى ۋولگا دەرياسى ۋادىسى ئەتراپلىرىغا، جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىغا، قىرىم رايونلىرى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى يەرلەرگە ھەمدە مىسىرغا تەئەللۇق بولغان يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت. موڭغۇل ئىستېلاسى مەزگىلىدە كۆپ سانلىق قىپچاقلار جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدىن مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن مىسىر سۇلتانلىرىنىڭ سارايلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مەملۇك قوشۇنىنى تەشكىل قىلغانىدى.

تۈركىي تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىش مەسىلىسى تۈركولوگ تىلشۇناسلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تارىخچىلار ۋە ئېتنوگرافلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

رۇس ئالىملىرىدىن ئى. برېزىن، ن. ئىلمىنسكىي، ۋ. رادلوف، ن. ئارستوف، ن. كاتانوف ۋە ف. كورشلار تۈركىي تىللارنى تۈرگە ئايرىشقا كۆپ قېتىم ھەرىكەت قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى ئا. ساموئىلوۋىچنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈر ئايرىمىسىدا سىنتېز قىلىنىدى. بۇ تىل ئايرىمىسى تىلشۇناسلىقتا كەڭ تونۇلغان بولۇپ، رۇس ئالىملىرى ۋە چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە.

ئا. ساموئىلوۋىچنىڭ تۈر ئايرىمىسى ھازىر بىرقەدەر كەڭرەك تارقالغان. بۇ تۈر ئايرىمىسىدا بارلىق تۈركىي تىللار ئالتە ئاساسلىق گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن. بۇ گۇرۇپپىلار ئالتە خىل ئاساسلىق فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بولسا ئۆلگىلىك ئالتە سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك تەركىبى شۇ تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق تۈركىي تىللار تۆۋەندىكى ئالتە گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن:

r .1 گورۇپپا، بۇلغار ياكى چۇۋاش گورۇپپىسى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) تاغار، 2) ئورا، 3) پۇل ـ، 4) تاۋ//تو، 5) سارى، 6) قالان//بۇلنا. بۇ گورۇپپىغا قەدىمكى بۇلغار تىلى بىلەن ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلى كىرگۈزۈلگەن.

d .2 گورۇپپا، ئۇيغۇر ياكى شەرقىي شىمال گورۇپپىسى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) توققۇز، 2) ئاداق//ئازاق، 3) بول ـ ، 4) تاغ، 5) سارىغ، 6) قالغان. بۇ گورۇپپا ئۈچ تارماق گورۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) d تارماق گورۇپپىسى: يېنسەي ـ ئورخون يېزىقىدىكى قەدىمكى تىل، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان تىللىرىدىن قاراغاس، سالار، تۇۋا تىللىرى؛ (2) z تارماق گورۇپپىسى: سېرىق ئۇيغۇر، شور ۋە خاكاس تىللىرى (خاكاس تىلىنىڭ قويبال، قىزىل، ساغاي، كاچىن ۋە بەلتىر دىئالېكتلىرى)؛ (3) t تارماق گورۇپپىسى: ياقۇت تىلى.

t .3 گورۇپپا، قىپچاق ياكى غەربىي شىمال گورۇپپىسى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) توغۇز، 2) ئاياق، 3)بول//بۇل، 4) تاۋ، 5) سارى، 6) قالغان. بۇ گورۇپپا ئىككى تارماق گورۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇن شەكىللەنگەن تىللار تارماق گورۇپپىسى: ئالتاي تىلى (ئالتاي، تېلېغوت دىئالېكتلىرى)، قىرغىز، قۇمۇق، قاراچاي، بالقار، قارايىم تاتار، باشقىرت تىللىرى؛ (2) موڭغۇل دەۋرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن تىللار تارماق گورۇپپىسى: قازاق ۋە نوغاي تىللىرى.

taγliq .4 گورۇپپا، چاغاتاي ياكى شەرقىي جەنۇب گورۇپپىسى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) توقۇز، 2) ئاياق، 3) بول ـ، 4) تاغ، 5) سارىق، 6) قالغان. بۇ گورۇپپىغا كونا ئۆزبېك تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۆزبېك ۋە چېرنىېف تاتار تىللىرى كىرگۈزۈلگەن.

taγli .5 گورۇپپا، قىپچاق ـ تۈركمەن ياكى ئوتتۇرا گورۇپپا. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) دوقۇز، 2) ئاياق، 3) بول ـ، 4) تاغ، 5) سارى، 6) قالغان. بۇ گورۇپپىغا سېرىق ئۇيغۇر ۋە سالا دىئالېكتلىرى ۋە خارەزم ئۆزبېكلىرىنىڭ دىئالېكتلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ol .6 گورۇپپا، تۈركمەن ياكى غەربىي جەنۇب گورۇپپىسى. بۇ گورۇپپىنىڭ ئالامەتلىرى: 1) دوقۇز، 2) ئاياق، 3) ئول ـ ، 4) داغ، 5) سارى، 6) قالان. بۇ گورۇپپىغا تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تۈرك تىللىرى، شۇنداقلا گاگائۇزلارنىڭ تىللىرى كىرگۈزۈلگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە تىل مەسىلىلىرىگە قارىتا تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۈركىي تىللارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش ئىشىدىمۇ يەنە كۆپلىگەن ئەمگەكلەر ئىشلەندى. 1989 ـ يىلى تۈركىيە ئالىملىرىدىن تالات تېكىن «ERDEM» ژۇرنىلىدا «تۈرك تىل ۋە دىئالېكتلىرىنىڭ يېڭى بىر تەسنىفى» دېگەن ئەمگىكىنى ئېلان قىلىپ، تۈركىي تىللارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىشلەنگەن كلاسسىفىكاتسىيە (تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى)نى ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش گورۇپپىغا بۆلۈپ بايان قىلغان:

1 ـ رادلوفقا قەدەر بولغان ۋاقىتتىكى تۈرلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالى؛

2 ـ رادلوفنىڭ تۈرلەرگە ئايرىشى؛

3 ـ ساموينلوۋىچقا قەدەر بولغان ۋاقىتلاردىكى تۈرلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالى؛

4 ـ ساموينلوۋىچنىڭ تۈرلەرگە ئايرىشى؛

5 ـ ساموينلوۋىچتىن كېيىنكى تۈرلەرگە ئايرىش ئەھۋالى.

رادلوفقا قەدەر بولغان ۋاقىتلاردىكى تۈركىي تىلنى تۈرلەرگە ئايرىش ئەمگىكىنى ئىشلىگۈچىلەر ئادېلۇڭ (Adelung 1806)، كلاپروس (Klaproth 1823)، بالبى (Balbi 1826)، پالمبلاد (Palmblad 1827)، خاممېر (Hammer 1836) ۋە بېرېزىن (Berezin 1840).

رادلوفتىن كېيىن بۇ ئەمگەكنى ئىشلىگۈچىلەر: ۋامبېرىي (Vámbéry 1885)، كاتانوف (Katanov 1894)، ئارىستوف (Aristov 1896)، چاخۇن (Cahun 1896)، كورش (Kors 1910)، رامستېد (Ramstedt 1917)، نېمېس (Németh 1917) ۋە بوگورودىسكىي (Bogoroditskiz 1922). بۇلارنىڭ ئىچىدە رامستېدنىڭ تۈرلەرگە ئايرىشى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە.

سامويلوۋىچتىن كېيىن بۇ ئەمگەكنى ئىشلىگۈچىلەر: بوگورودىسكىي (Bogoroditskiz 1934)، لىگېتى (Ligeti 1941)، راشانېن (Rasanen 1949)، باسكاكوف (Baskakov 1952)، بېنزىڭ (Benzing 1959)، مېنگېس (Menges 1950)، پوپپې (Poppe 1965).

بۇ مەزگىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە باسكاكوفنىڭ ئەمگىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ سانىلىدۇ. يۇقىرىقى ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «دىۋان»نىڭ تىلىنى ئۇيغۇر دىئالېكتىغا ئايرىيدۇ㊳.

يۇقىرىدا خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە «دىۋان» ۋە تۈركىي تىللارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، جۈملىدىن قىپچاق ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، بىز بۇ ھەقتە قازاق ئالىمى نىغمەت مىڭجانىينىڭ ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن ھازىرقى قازاق تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ماقالىسىدىكى ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى بىر نەچچە سۆز بىلەن ھازىرقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ يەتتە خىل تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مورفولوگىيە جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز»㊴ دېگەن يەكۈنىنىڭ بىرقەدەر ئىلمىي چىقىرىلغان يەكۈن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى لايىق دەپ قارايمىز.

14 ـ ئەسىردىلا «دىۋان»نىڭ تىلىنى قىپچاق شېۋىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىيە 1266 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن ۋە بىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر يازما نۇسخىسى ئۈستىگە قوشۇلغان «ئەمگەك»لەر، ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىملىرىدىن روبېرت دانكوف ۋە جېيمس كېلىيلەرگە ئوخشاش ۋىجدانلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق بەجانىدىل ئەمگەكلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىنىپ، ئەسىر ئاخىر ئۆزىنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرىنى تاپتى.

روبېرت دانكوف بىلەن جېيمس كېللىيلەر «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، كېيىنكىلەرنىڭ «دىۋان»نىڭ تىنتول ۋە ئىچ بەتلىرىگە يېزىپ قويغان تۈزىتىشلىرى، بولۇپمۇ مەقسەتلىك قوشۇلغان ھەرىكىلەر ۋە مەزمۇنلارنى، سىياھىنىڭ رەڭگى، خاقانىيە تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ قىپچاق تىلىغا مەنسۇپ ئەمەسلىكى㊵نى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشى، بىزنىڭ كۆزقاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك پاكىت ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«دىۋان»دا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار، ماقال ـ تەمسىللەر، رىۋايەت، ئەپسانە قاتارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغاندىن سىرت، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان ناندىن تارتىپ ئۇگرە، چۆپلەرگىچە بولغان يېمەك ـ ئىچمەك؛ چامغۇردىن تارتىپ سەۋزىگىچە بولغان كۆكتات؛ قوناقتىن تارتىپ تېرىقىچە بولغان دانلىق زىرائەت، كەتمەندىن تارتىپ ئارغىچە بولغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى؛ سىركىدىن تارتىپ ھاراققىچە بولغان ھەرخىل ئىچىملىك؛ باللار ئويۇنلىرىدىن تارتىپ ھەرخىل توپ ئويۇنلىرىغىچە بولغان تەنتەربىيە؛ ئاددىي پۇقرادىن خانغىچە بولغان ھاكىمىيەت تەشكىلى㊶... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «دىۋان» مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مىللەتنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ تاغۇتاشلىرىدىن، باغۇبوستانلىرىغىچە (قەشقەر توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ «دىۋان»نىڭ كۆپلىگەن

جايلىرىدا ئۇچرىشى) بەش قولدەك تونۇش بولغاندىن سىرت، ئۆزگە يۇرتلارنىمۇ ناھايىتى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە شۇ نۇقتىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، «دىۋان»دا ئاسترونومىيىگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ۋە كۈن بىلەن ئاينىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە قاراپ تېرىقچىلىق ۋاقتىنى بەلگىلەيدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆدۈملىرىنى تېخىچە يوقاتمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، «دىۋان» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك قامۇسى جاھان ئەللىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى(UNESCO)نىڭ 2008 ـ يىلىنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن پۈتكۈل تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، شۇنداقلا جۇڭخۇا ئېلىنىڭ شان ـ شەرىپى. «دىۋان»نى سىستېمىلىق، غەرەزسىز ۋە ئىلمىي ئاساستا تەتقىق قىلىش، مۇشۇ ساھەدە ئىزدەنگەن ۋە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ۋە بۇرچىمىز.

ئاخىرىدا بۇ ئەمگىكىم ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرى ۋە ياردىمىنى ئايىمىغان تىلشۇناس، پروفېسسور مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندىگە، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور مەلىك ئۆزيېتكىن ئەپەندىگە، شۇنداقلا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى غەيرەت ئابدۇراخمان ئۆزغار ئەپەندىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىزاھات:

① «تىل ۋە تەرجىمە» 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانى (قازاقچە)، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

② خۇا تاۋ: «8 ــ 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 210 ـ بەت.

③ مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 220 ـ بەت.

④ لى شۇخۇي: «قاراخانىيلارنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان، 57 ـ بەت.

⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 558 ـ بەت.

⑥ خۇاتاۋ: «8 ــ 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 283 ـ بەت.

⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 40 ـ، 41 ـ بەتلەر.

⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

⑩ خۇاتاۋ: «8 ــ 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى

2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 203 ـ بەت؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 444 ـ، 445 ـ بەتلەر.

⑪ HUDUD al-ALAM(The Regions of the world 372. A. H-982 A. D), Translated and explained by, V. Minorsky. Second edition, PP94-95; Chinese edition, P66; Uyghur edition, PP119-120.

⑫ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 128 ـ بەت.

⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 124 ـ بەت.

⑭ ئەلى غوپۇر: «يەنە قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 1 ـ سان.

⑮ Erdal. M: The turkish Yarkand Documents, BSO(A)S, Vol 47 (1984), London, p. 282.

⑯ Kenneth Mcleish:《人类思想的主要观点--形成世界的观念》(中), 第 838 页, 新华出版社 2004 年版。

⑰ باسكاكوف، مالوف: «تۈركىي تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە مەسىلىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ بەت؛ ن.ئا.باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 71 ـ، 227 ـ بەتلەر.

⑱ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ بەت.

⑲ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 49 ـ، 50 ـ بەتلەر.

⑳ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 64 ـ، 65 ـ بەتلەر.

㉑ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 70 ـ بەت.

㉒ G. Ramstedt Zwei uigurische Runnen inschrift in der Nord Mongolei, JSFO, 30, 1913.

㉓ W. Radloff Uigurische Sprachdenkmaler, 1928, Berlin. Baskakov P.71.

㉔ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 11 ـ بەت.

㉕ ليۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، ئۇيغۇرچە 344 ـ بەت. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىسى.

㉖ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 71 ـ بەت.

㉗ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 79 ـ، 80 ـ بەتلەر؛ ئا. جەفەر ئوغلى: «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى»، 1968 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، كىرىش سۆز 10 ـ بەت.

㉘ پەرھات مۇھەممەدئېلى جىلان: «11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان ئۇيغۇرچە نەشرى، 10 ـ بەت.

㉙ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 572 ـ بەت.

㉚ 勒尼·格鲁塞:《草原帝国》，青海人民出版社 1996 年版，第 209 页。参见：http//en.Wikipedia.org/Kipchaks; http//www.britanica.com/Kipchaks

㉛ ن.ئا.باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 86 ـ بەت.

㉜ C. Brockelmann Mahmud al-Kashgari über die Sprachen und die Stamme der Turken in Ⅺ Jahrh, KcsA, 1921.

㉝ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 468 ـ، 469 ـ بەتلەر.

㉞ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 36 ـ بەت.

㉟ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

㊱ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 62 ـ، 63 ـ بەتلەر.

㊲ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 64 ـ بەت، بېسىم ئاتالاي نەشرگە تەييارلىغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 2 ـ توم، ئەنقەرە، 2006 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 49 ـ بەت.

㊳ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 81 ـ بەت.

㊴ ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 83 ـ بەت.

㊵ Prof. Dr. Melek Ozyetgin On the Historical tradition of Official Correspondence: A Bitik Dated 1468 in Uigur Letters by Timurid ruller Abu said Kurgan. Archivum Ottomanicum, Harrassowitz Verlag. Wiesbaden, 24(2007), P198; باسكاكوف 93 ـ بەت

㊶ Prof. Dr. Melek Ozyetgin Altin Ordu, Kirim ve Kazan Sahaşina ait Yarlik ve Bitiklerin dil ve uslup incelemesi, Ankara, 1996. PP17, 24.

㊷ Talat Tekin Türk Dil Ve Diyalektlerinin Yeni Bir Tasnifi, ERDEM, Türk Tarih Kurumu Basimevi, Ankara Temmuz 1990. PP140-168.

㊸ 校仲彝主编《突厥语词典?研究论文集》，新疆人民出版社 2006 年版，第 57 ～ 87 页。

㊹ Robert Dankoff, James Kelly: Compendium of the Turkic Dialects (Diwan Lu γ at at-Turk), Printed at the Harward University Printing Office, 1982. PP8-9; Besim Atalay, CILT Ⅰ, P4, ANKARA2006.

㊺ رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى» ناملىق ئەسىرى ئاساسلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىگە دائىر بايانلارغا ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار ئىنتايىن تەپسىلىي شەرھلەنگەن.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

www.nurkitap.com



# ئەبدۇرەھمان جامىي ۋە «باھارىستان»

شېرىن قۇربان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى «بۇلاق» ئۆزىنىڭ 2008 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، ۋە 3 ـ سانلىرىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېشقەدەم تەتقىقاتچىسى يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇقنىڭ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان تاجىك ـ پارس خەلقلىرىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى ئەبدۇرەھمان جامىي (1414 ــ 1492 ـ يىللار)نىڭ نادىر ئەسىرى «باھارىستان»نى ئېلان قىلدى. بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرى جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدا «15 ـ ئەسىر نەسرچىلىكىنىڭ نەمۇنىسى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنسا، مۇئەللىپ جامىي بولسا «ئوتتۇرا ئەسىر پارس ـ تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى» دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبدۇرەھمان جامىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، تاجىك ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك دانا شەخستۇر. چۈنكى، ئەبدۇرەھمان جامىي بىرىنچىدىن، تاجىك بولغاچقا، ئۇ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجىكلار قەلبىدىن ئەۋلىيا كەبى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز) ناملىق ئەسىرى، غەزەل، رۇبائىيلىرى ۋە «باھارىستان» ناملىق ھېكايەتلىك نەسرى ئېلىمىزدە تاجىكلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىككىنچىدىن، ئەبدۇرەھمان جامىي گېنىئال شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ــ 1501)نىڭ ئۇستازى، زاماندىشى ۋە سىرداشىدۇر. جامىي بىلەن نەۋائىينىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ئۈچىنچىدىن، ئەبدۇرەھمان جامىي قەشقەرلىك ئالىم مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرىينىڭ كۈيئوغلىدۇر.

دېمەكچىمىزكى، مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتايلى، ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ «باھارىستان» ناملىق نادىر ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنىشى پايدىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە جامىينىڭ بۇ نادىر ئەسىرى دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارغا دېگۈدەك تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىققان.

ئەمدى ئەسلى تېمىغا كەلسەك، جامىينىڭ تولۇق نامى ھەزرىتى مەۋلانا نۇرىددىن ئەبدۇرەھمان جامىي بولۇپ، مىلادىيە 1414 ـ يىلى خۇراساننىڭ جام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئىسفاھان شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدا دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرى (بۈگۈنكى ئافغانىستان دائىرىسىدە)گە كېلىپ ماكانلاشقان، ئۇ بۇ يەردە ئوقۇغان ھەم ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دەسلەپتە نىزامىيە مەدرىسىسىدە پارس ـ تاجىك تىل ـ ئەدەبىياتى ئۆگەنگەن، كېيىنرەك ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن يەتتە قېتىم ساياھەتكە چىقىپ كۆپ يەرلەرگە بارغان، ئۇزاق يىللىق ساياھەت جەريانىدا پەلسەپە، ئىلاھىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، ئېتنوگرافىيە، سەنئەت، مەنتىق (لوگىكا)، ئېتىكا (ئەخلاق ئىلمى)، تەرجىمىھالشۇناسلىق، قۇرئانشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەردە كەڭ دائىرىدىكى بىلىمگە ئېرىشكەن. ئۇ

ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلغان، دانىشمەنلەرنى زىيارەت قىلغان، يازغۇچى - شائىرلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان، ئاتاقلىق تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان.

ئۇ 58 يېشىدا مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغاندا، يول بويى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ، ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ دەبدەبىلىك قارشى ئېلىشىغا ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. بەزى ئورۇنلار ھەتتا قوغدىنىش ئەترىتى ياكى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى چىقىرىپ، بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە جامائەت ئەربابىنى داغدۇغىلىق مۇراسىم شەكلى بىلەن قارشى ئالغان ياكى ئۇزىتىپ قويغان.

جامىي تەتقىقاتچىلىقىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت جەمئىي 100 پارچىغا يېقىن چوڭ - كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەرلىرى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرغا ئالەمشۇمۇل شانۇ شەۋكەت ئەكەلگەن ئەسەرلەردىن «ھەفت ئەۋرەڭ» (خەمسەئى جامىي) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، «باھارىستانى جامىي»، «ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى»، «ھېرات تارىخى»، «مۇزىكا ھەققىدە رىسالە»، «شېئىرىيەتنامە» قاتارلىقلار بار.

بۇ يەردە بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «باھارىستان» دېگەن بۇ ئەسەر ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ ئەڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەزمۇن، قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە پارس - تاجىكلارنىڭ پەيلاسوپ شائىرى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدى شىرازىي (1203 — 1292)نىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شەيخ سەئىدى بىلەن ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ ئارىلىقىدا 200 يىلدەك زامان پەرقى بار.

شائىر جامىي پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىنى ئەسلىدە ئۆز ئوغلى زىيائىددىن يۇسۇفنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە يازغانىكەن. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئەسەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا، يۇرتتىن - يۇرتقا تارقىلىپ ئاخىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەيدىغان دەستۇرغا ئايلانغان. پارس - تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا مۇشۇنداق مىسالدىن يەنە بىرىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئەمىر شەمسۇلمەئالى (1021 — 1101)دۇر. ئۇ ياشىنىپ قالغان چاغدا تەڭرى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى گىلانشاھ ئىكەن. ئەمىر شەمسۇلمەئالى ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر ئائىلە دەستۇرىنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ دەستۇر دۇنيادا «ئىسلام مەدەنىيىتى ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان كىتاب «قابۇسنامە»دۇر.

«باھارىستان»نىڭ قۇرۇلمىسىغا كەلسەك، ئۇ ئائىلىۋى دەستۇر بولغاچقا، بەك ھەشەمەتلىك ئەمەس. ئۇ كىرىش سۆز، ئاخىرقى سۆزدىن باشقا، سەككىز رەۋزە (باغ)دىن تۈزۈلگەن. سەككىز رەۋزە يەنە ئۆز ئىچىدىن 65 ھېكايەت، 11 ھېكمەت، 17 چاقچاق، بىر ھەزىل، بىر مەنزۇمە (نەزم)، 21 كلاسسىك شائىرنىڭ سۆپەت - پەزىلەت تەسۋىرىگە بۆلۈپ بايان قىلىنغان.

«باھارىستان»نىڭ ئەڭ چېلىقارلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، چېۋەر يازغۇچى ئەبدۇرەھمان جامىي ئالدى بىلەن قەلىمى ئارقىلىق ئوغلى زىيائىددىن يۇسۇفنى ھېكايەتلەر دۇنياسىغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېكمەت دۇنياسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، بۇ يەردىكى ھېكايەت — ئەمەلىيەت، ھېكمەت — تەپەككۇر ياكى نەزەرىيىسىدۇر. بۇ خىل تەربىيىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىمىز، بىر بولسا كۆپ ۋەز ئېيتىمىز، بىر بولسا ئۇرۇپ - تىللايمىز، ھەتتا ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ، «بالام ھاراق ئىچمەڭ»، تاماكا چېكىپ تۇرۇپ، «تاماكا چەكمەڭ» دەيمىز. ئايال - خانىملىرىمىز بولسا ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ھەر قىسما بوياپ، «بالام سەن تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە، مەن قاتار چايغا بېرىپ كېلىمەن» دېيىشىدۇ. باشقىلارغا تەربىيە بېرىشتە ئالدى بىلەن ئۆزىمىز باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ گەپلەرنى دېيىشتىن مەقسەت، ئاتا - ئانىلارنى بالا تەربىيىلەش دەستۇرى «باھارىستان»نى بىر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب يازدۇرۇش ۋە كىتاب تەقدىم قىلىش ئەنئەنىسىگە نەزەر

ئايگۈل ئابدۇرېھىم

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتىنى تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىنتايىن ئىخچام يەكۈنلەپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب مەدەنىيىتىدە ئىلغار ئەنئەنىگە ئايلانغان كىتابنى بۇيرۇپ يازدۇرۇش بىلەن كىتاب تەقدىم قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىز قالدۇرۇشى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر – تۈركىي خەلقلەردە ھەر خىل سوۋغاتلىق بۇيۇملار بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە «دىۋان» دا كىتاب سوۋغا قىلىشقا دائىر ئۇچۇرغا ئىگە بولمىغان بولساقمۇ، ئەسەرنىڭ بېشىغا يېزىلغان مۇقەددىمە قىسمىدا مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ بولۇپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئارمىغان قىلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ: «بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇقىدىن ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەد ئوغلى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم.» ① قەدىمكى دەۋردە شەرق دۇنياسىدا كىتاب يېزىپ شاھلارغا، بەگلەرگە تەقدىم قىلىش، كىتابنى بەگلەرنىڭ نامىدا ئاتاش خېلى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتلىك پادىشاھلار مال – دۇنياغا نىسبەتەن يەنىلا مەنىۋى سوۋغات —— كىتابنى ئەزىز بىلەتتى. چۈنكى، ھەر قانچە كۆپ مال – دۇنيامۇ ئاستا – ئاستا تۈگەيتتى، ئەمما كىتاب مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالاتتى، مال – دۇنيانىڭ ئىزى قالمايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆمۈرلۈك توپلىغان ئىلغار بىلىم جۇغلانمىلىرىنى 18 ئايلىق مېھنەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتاپ ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ھەسەن بۇغراخانغا نەۋرۇزلۇق «تارتۇق» قىلغانىدى. ئۇ نەۋرۇز نامەسىدە مۇنداق قۇرلارنى تىزىدۇ:

99. قايۇسى تۇغاردىن تۇتار مىڭ تانۇق،
قايۇسى باتاردىن تاپۇغچى ئانۇق.
(بەزىلەر شەرقتىن مىڭلاپ سوۋغا «تونۇق» تۇتسا، بەزىلەر غەربتىن خىزمىتىگە جان تىكمەكتە.)

112. ئالۇ نەڭ تانۇق تۇتتى مىڭ مىڭ ئەلىك
مۇنى قىل تانۇقى قۇتادغۇ بىلىك
113. ئۇلارنىڭ تانۇقى كەلىر ھەم بارىر
مەنىڭ بۇ تانۇق بولدى مەڭىز قالىر
114. نەچە تەرسە دۇنيا تۇكەل ئالقىنۇر
بىتىسە قالىر سۆز ئاۋۇن ئەزگىنۇر
115. كىتابقا بىتىندى بۇ خاقان ئاتى،
بۇ ئات مەڭۇ قالدى ئاي تەركەن قۇتى

(مىڭ ـ مىڭچە قۇللار نى ـ نى قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تۇتتى، مېنىڭ سوۋغام «قۇتادغۇ بىلىگ» نى قوبۇل قىل، ئۇلارنىڭ سوۋغىسى كېلىدۇ ھەم كېتىدۇ، مېنىڭ بۇ سوۋغام مەڭگۇ قالىدۇ. مال ـ دۇنيا دېگەننى ھەرقانچە توپلىسىمۇ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، كىتاب يېزىلسا جاھانغا نام تارىلىدۇ، كىتابىمغا خاقانىنىڭ نامى پۈتۈلدى، ئەي تەڭرى تەيىنلىگەن خاقان، بۇ ئات مەڭگۈ قالىدۇ.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا، جۈملىدىن نەۋرۇز تارىخىدا تەڭداشسىز ئۇلۇغ سوۋغىسى بىلەن مەڭگۈلۈك ئۆلگە ياراتقانىدى. ئۇلارنىڭ سوۋغىسى ئەمەلىيەتتە خەلىپىگە، خاقانغا قىلىنغان سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە خەلقىگە، ۋەتىنىگە، ئەۋلادلارغا، قىسقىسى ئىنسانىيەتكە قىلىنغان سوۋغات ئىدى. بۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ خاسىيەتلىك سوۋغىسى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسى، تىل بايلىقى، تەپەككۇر بايلىقى، مىللىي كىملىكى، ئىدېئولوگىيىسى، ئومۇمەن مول بىلىش نەتىجىلىرى ئەۋلادلارغا سوۋغا قىلىنغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك نى ـ نى ئوردا ـ سارايلار يوقالدى، شۇنچە سەلتەنەت سۈرگەن شاھ ـ خاقانلار كەتتى. مانا بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مېۋىسى بولغان ئۇلۇغ ئەسەرلەر تارىختىكى دەھشەتلىك ئۆزگۈشسىزلىكلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، جاھاننىڭ ئىلىم بېغىنى نۇرغا چۆمدۈردى.

شۇ ئىككى ئالىم باشلاپ بەرگەن كىتاب سوۋغا قىلىش ئەنئەنىسى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قېلىپ، نەچچە مىڭ ئېسىل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنىۋى جەھەتتە تۈرتكە ۋە ئۆلگە بولدى. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزار مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان كىتابىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ نامىدا يېزىپ، ئابدۇرەشىدخانغا تەقدىم قىلغانىدى. ئاپتور سەئىدخانىنىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ يېتۈك ئىستېداتلىق ئىگىسى قىلىپ چىققانلىقىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن: «ئۇ مۇئامىلىلەرنى خانىنىڭ ماڭا قىلغان ئېھسانلىرى ۋە مۇرۇۋۋەتلىرىگە مۇقابىلە قىلىمەن. مەيلى قوبۇل قىلسۇن، رەت قىلسۇن، بۇ كىتابىمنى خانىنىڭ پەرزەنتىنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ يازىمەن، تاكى بۇ كىتاب مەندىن ئۇنىڭغا ۋە ئالەم ئەھلىگە يادىكار قالغاي» ② دېگەن. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ ئەسىرىنى ھۈسەيىن مىرزا ساھىبقىرانىنىڭ نامىغا يازغان ۋە ئۇنىڭغا تەقدىم ئەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە كىتابىنى ئەمىرلەرنىڭ نامىدا يېزىش ۋە ئۇلاغا تەقدىم قىلىشنىڭ بىرقانچە مىساللىرىنى بەرگەنىدى، يەنى ئابدۇرەھمان جامىي ئۆزىنىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىنى، سۇلتان ساھىب-

قىران (ھۈسەيىن بايقارا) نىڭ نامى بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەپتۇ ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ گۆھەرلىرى بىلەن تاجدار قىلىپتۇ»③. يەنە «ئەمىر دەۋلەتشاھمۇ سۇلتان ساھىبقىران نامىغا «شائىرلار تەزكىرىسى» (تەزكىرەتۇش شۇئەرا) ناملىق كىتابنى يېزىپتۇ» دېگەن. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

كىتابنى ھەتتا ئۆزىنىڭ بالىسىدىن ئەزىز بىلگەن خەلقىمىز، كىتاب يېزىشنى مەڭگۈلۈك ھىممەت دەپ قارىغان. ئۇنى ھەم ئىنسانلارغا قىلىنغان ئەڭ ئېسىل مەڭگۈلۈك سەدىقە دەپ چۈشەنگەن. باشقىلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئىگە بولۇش ئىستىكىدە بولغان خەلقىمىز، كىتاب سوۋغا قىلىشنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان. بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش خەلقىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ.

بۇيرۇپ كىتاب يازدۇرۇش ئادىتى قەدىمكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەردە خاقان، بەگلەرنىڭ تەلىپى ۋە زاكاز قىلىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ھېسابىغا يازغۇچى، شائىر، ئالىملار ئۇلارغا ئاتاپ كىتاب يېزىپ بەرگەن. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي: «ئول بىتىك بىتىتتى» (ئۇ كىتاب يازدۇردى. 2 ـ توم، 436 ـ بەت) دېگەن بىر خىل جۈملىنى بېرىش ئارقىلىق بۇ ئادەتتىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرغان. ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن مول، قىممەتلىك كىتابلارنى سوۋغا قىلىپ كەتتى. بۇ سوۋغىلارنىڭ ئۇيغۇرچىسىمۇ، ئەرەبچىلىرىمۇ، پارسچىلىرىمۇ بار. ھازىرغىچە بايقالغان، كۆيدۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن كىتابلارنى ستاتىستىكا قىلغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ھەقىقەتەنمۇ كىتاب مىللىتى بولۇشقا مۇناسىپ قىممەتلىك كىتاب مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىنى بەگلەر بۇيرۇپ يازدۇرغان ۋە ئۆز نامىدا ئېلان قىلدۇرغان بولسا، بەزى ئەسەرلەرنى ئاپتورلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن يېزىپ خاقانلارغا تەقدىم قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئىككى ئالىم ئۆز خاھىشى، مۇددىئاسىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان بولۇپ، بىرى ئۆز ئەسىرىنى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان بولسا، يەنە بىرى ئەسىرىنى (مەھمۇد كاشغەرىي) ئۆز دەۋرىدىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا سوۋغا قىلغان. بۇ خىل ئادەت پارسلاردىمۇ بولغان، جاھانغا مەشھۇر بولغان «شاھنامە» دېگەن ئەسەرنى مەھمۇد غەزنەۋىي بىر مىسراسىغا بىر تىللا (دەرھەم) بېرىدىغانغا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىيگە يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن قۇتراتقۇ ۋەزىرلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن گېپىدىن يېنىۋېلىپ، تىللا پۇلنىڭ ئورنىغا كۈمۈش پۇل بەرگەن. بۇنىڭغا قاتتىق رەنجىگەن فىردەۋس بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ھامامچىغا بېرىۋېتىپ قايتىپ كەتكەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بەگلەرنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن ئەسەر يازغان ئالىم، يازغۇچىلار خېلى بار. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن شاھى ئەلىشىر ھېكىم بېگىم ھەزرەتلىرى قۇياشىدىن مەندەك بىر ئەرزىمەس غېرىب بىچارە، جۇدالىق دەشتىدە ئاۋارە، غەم ئىلىدە ئەسىر، بارچە ئادەمدىن تۆۋەن كىشىگە (ئۆزىنى دېمەكچى) يورۇق نۇر چۈشۈپ، مەندەك بىر زەررىنى پەلەك قۇياشىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇنداق يارلىق بولدى: «مۇزىكا، كۈي، خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھۇزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر، شۇڭا پادىشاھتىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن خرىستىئانغىچە ھەممە ئىنسان بۇ يەردىن شادلىنىدۇ. ئەمما، بۇ پەننىڭ ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر؟ بۇنى كۆپ سازەندىلەر ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى ياخشى ئىگىلىگەن، ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىنىڭ شېرىن

سۆزلۈك تۈتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خوش پۇتكۇچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىسەن، مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ، باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق» دېگەن ئىلتىماسنى قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ④. شەرق دۇنياسىدا مەشھۇر كىتابلارنىڭ بىرى بولغان «كەلىلە ۋە دېمنە»مۇ سۇلتان ھۈسەيىننىڭ يېقىنلىرىدىن ئەمىر شەيخ ئەھمەد (مەشھۇر ئىسمى ئەمىر سۇھەيلى) دېگەن كىشىنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئىلتىماسى بىلەن مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىي ھەزرەتلىرى ئەرەبچىدىن پارسچىغا «ئەنۋەرى سۇھەيلى» نامىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان (ئەسلىي بۇ كىتاب پەھلىۋى تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى، ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى جەفەر مەنسۇر ئىمام ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى مۇقەففاغا بۇيرۇپ، پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا كۆچۈرۈلگەنىكەن. ھىجرىيە 1130 ـ يىلى قەشقەر ھېكىم بېگى مۇھەممەدئىمامبەگ دېگەن كىشى موللا مۇھەممەدتۆمۈرگە «ئەنۋارى سۇھەيلى» نى پارسچىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان. موللا مۇھەممەدتۆمۈر بۇ كىتابنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. موللا مۇھەممەد تۆمۈرمۇ ناھايىتى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ كىتابقا يېڭى لىباس كىيدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا ئىمكان تۇغۇلغان. دېمەك، كىتابنى بۇيرۇپ يازدۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلدۇرۇش، نامىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ھەم ساۋابلىق ئىش دەپ بىلگەچكە، مەرىپەتپەرۋەر بەگلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يار ـ يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا نۇرغۇن نادىر كىتابلار ۋۇجۇدقا چىقتى. خەلقىمىز ئۇ مەرىپەتپەرۋەر، يىراقنى كۆرەر بەگلەرنى مەڭگۈ شۇ كىتابلار بىلەن بىللە ياد ئېتىدۇ. ھەم بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شانلىق كىتاب مەدەنىيىتىگە ئىگە مىللەت. ئۇلار يۇقىرىقىدەك كىتاب يازدۇرۇش ۋە كىتاب تەقدىم قىلىش ئەنئەنىسى ئارقىلىق ئىنسانىيەت كىتاب خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك.

ئىزاھات:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل 1 ـ توم، 1 ـ بەت


② مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»نىڭ مۇقەددىمىسى 14 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى.

③ ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 264 ـ بەت.

④ موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى، 25 ـ بەت.

پايدىلانمىلار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، نەشرى.
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
3. ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا مۇقەففا: «كەلىلە ۋە دېمنە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.



# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: توختى ئوبۇلقاسىم

## نېمە ئۈچۈن بەزى ئاياللار ساقال ـ بۇرۇتلۇق، بەزى ئەرلەر كوسا بولۇپ قالغان؟

قەدىمكى سىرلاردىن خەۋەردار بولغۇچىلار، ۋەقەنى دەۋردىن دەۋرگە ئۇلىغۇچىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇلۇغ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئالەم ئاپىرىدە بولۇپ، بىرنەچچە زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، مەلۇم بىر ئىپتىدائىي قەبىلىدىكىلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا زېمىن، مەنپەئەت تالىشىپ قانلىق ئۇرۇشۇپتۇ. مەزكۇر جەڭگە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلىكى ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىزلار قاتنىشىپتۇ. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى مۇنداق دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇپ باقمىغانىكەن. ئۇرۇشتا باشلار تەندىن جۇدا بولۇپ، جەسەتلەر ساي تېشىدەك يېتىپ كېتىپتۇ، قانلار دەريادەك ئېقىپتۇ. قىيقاس ـ چۇقان، نالە ـ زار ئاسمان ـ زېمىننى تىترىتىپتۇ. بۇ جەڭ بەش كۈن داۋاملىشىپ ئىككىلا تەرەپتىن ھەددى ـ ھېسابسىز كىشى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قەبىلىدە ئادەم زاتى ئىنتايىن ئاز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ نائىلاج ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈپ جەڭنى توختىتىپتۇ. قەبىلە باشلىقلىرى قەبىلە قائىدىسى بويىچە جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ باشسىز، تەنسىز جەسەتلىرىنى جەڭ مەيدانىدىن تېپىپ كېلىپ، تېنىگە بېشىنى قويۇپ جىپسىلاشتۇرۇپ، دەپنە قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ پاجىئەلىك بولغاچقا، ئەر ـ ئاياللارنىڭ جەستى ئايرىلىشىپ كەتكەنىكەن. بەزى تەنلەر نەچچە پارچە قىلىنىپ تاشلانغان بولۇپ، باشلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، ئەر كىشىمۇ ياكى ئايال كىشىمۇ زادىلا بىلگىلى بولمايدىكەن. قەبىلە ئاقساقاللىرى تەجرىبىلىك ئەمچىلەر ۋە دانىشمەن مۇنەججىملەرنى باشلاپ كېلىپ جەڭ مەيدانىدىكى جەسەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ، باشنى تەنگە چاپلاپ قويۇشقا باشلاپتۇ. ئىنسان دېگەن بەربىر ئىنسان، خام سۈت ئىچكەن بەندىدە! ئەمچى تېۋىپلار ۋە مۇنەججىملەر شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، نۇرغۇن ئەقىل ـ چارە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بەندىلىكىنى قىلىشىپ، ئاياللارنىڭ تېنىگە ساقاللىق، كۆچتۈڭگۈر ئەرلەرنىڭ بېشىنى، مەزلۇم ئاياللارنىڭ باشلىرىنى بەردەم، چىناردەك قامەتلىك ئەرلەرنىڭ تېنىگە جۈپلەپ قويۇپ ئۈچچە بىر تۆپىلىككە دەپنە قىلىشىپتۇ.

تەڭدىشى يوق قۇدرەتلىك ئاللا مەزكۇر قەبىلىدە ئادەمزاتنىڭ ئازلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىلاھى قۇدرىتى بىلەن قەبىلە توقۇنۇشىدا قۇربان بولغان ئەر ـ ئاياللارغا قايتىدىن جان بەرمەكچى بولۇپ، قەبرىستانلىققا قاراپ: «تىرىلىڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دەپ ئەمر قىپتۇ. جەڭدە قۇربان بولغانلار

ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن قايتا تىرىلىپ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ قوپۇشۇپتۇ. بىراق، باش تەنگە خاتا جۈپلەپ قويۇلغانلار قەبرىدىن ھەر خىل قىياپەتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ بېشى ئاياللارنىڭ تېنىگە، بەزى ئاياللارنىڭ بېشى ئەرلەرنىڭ تېنىگە خاتا جۈپلەپ كۆمۈلگەچكە، بەزى ئاياللاردا ساقال ـ بۇرۇت پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئاۋازى ئەرلەردەك بوم چىقىدىغان بولۇپتۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ تېنىگە ئاياللارنىڭ بېشى جۈپلەپ كۆمۈلگەچكە، تىرىلگەندە كۆسا، ئاۋازى ئىنچىكە بولۇپ قاپتۇ.

كونىلاردا «بېلىنى باغلىۋالغان بىلەن ئەر ئەمەس، بېشىنى چىگىۋالغان بىلەن ئايال ئەمەس» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بۇلاقسۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى: نۇر مۇللاق

## نېمە ئۈچۈن يازدا پىژ ـ پىژ ئىسسىق، قىشتا ۋىژ ـ ۋىژ سوغۇق بولىدۇ

راۋىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، دوزاخ گۇناھى چېكىدىن ئېشىپ، تەڭرىنىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە ئۇچراپ، قاتتىق جازالانغان قارايۈز مۇرتەدلەر، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان ئىككى يۈزلىمچى ساتقىنلار، ئاسىي مۇناپىقلار، پاسىقلار، چېقىمچى سۇخەنچىلەر، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانلار ۋە زالىم ـ زوراۋانلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. دوزاخ ئۇلارنىڭ سېسىق ھىدىدىن تىنالماي قاپتۇ. دوزاخنىڭ «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دوزاخ ئاللاغا مۇنداق ئىلتىجا قىپتۇ:

ــ ئەي قۇدرەتلىك ئاللا! سېنىڭ ئەمرىڭ بىلەن قوينۇم گۇناھى ئاسمان زېمىندىنمۇ ئېغىر قارايۈز مەلئۇنلار بىلەن توشۇپ كەتتى، ئۇلاردىن تارقىغان سېسىق ھىد، زەھەرلىك دۇد ۋە ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىمنى قاپلىۋالدى، بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمىدىم. تومۇز يازدا دەھشەت ئىسسىپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ زادىلا تىنالماي قېلىۋاتىمەن. زېمىستان قىشتا بولسا بۇ گۇناھكارلارغا ئەۋەتىلگەن قاباھەتلىك قەھرىلىك سوغۇق سەۋەبىدىن مۇز بولۇپ قېتىشىپ ئەسلا قولىشالماي قالدىم. نەپسىم زادىلا يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ قىش ۋە يازدا ئەركىن تىنىپ نەپەس ئېلىۋېلىشىمغا ئىجازەت بەرگىن، ــ دەپتۇ. ئاللا دوزاخنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يازدا بىر قېتىم، قىشتا بىر قېتىم نەپەسلىنىپ تىنىۋېلىشىغا، تىنىقىنى پانىي دۇنياغا چىقىرىۋېتىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. دوزاخنىڭ ئاللا ئېچىپ بەرگەن يوچۇقتىن يازدا بىر قېتىم، قىشتا بىر قېتىم پانىي دۇنياغا قاراپ تىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە قاتتىق پىژ ـ پىژ ئىسسىق بولۇپ كېتىپ، زېمىن ئاتەشتەك يانىدىغان، ئىنسانلار چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ چىدىيالماي ۋايسايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. قەھرىتان قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، تۆكۈرۈك مۇز بولۇپ قاتىدىغان، قاپاق ـ قاچىلار يېرىلىپ، سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇلار دوزاخنىڭ يىگىنىنىڭ كۆزنىچىلىك يوچۇقىدىن

تىنغاندا چىققان زەررىچە ئىسسىق ۋە سوغۇقنىڭ تەپتى بولۇپ، يازدا پىژ ـ پىژ ئىسسىق، قىشتا ۋىژ ـ ۋىژ سوغۇق بولۇشى مۇشۇنىڭدىن ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بۇلاقسۇ يېزا بويىرا مازار جامەسىنىڭ خاتىپ
ئىمامى ھاجى قۇدرەت خېتىپ ئاخۇنۇم

## ھەسەن ـ ھۈسەن ھەققىدە رىۋايەت

راۋىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇلۇغ ئاللا ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئەشەددىي رەقىبى، قىيامەت كۈنىدىكى ۋەھشىي لالما ئىت، مۇرتەد، قانخور جاللات يېزىد ئىككى ئالەمنىڭ ئاپتاپى رەسۇلۇللانىڭ ئامراق نەۋرىسى ئىمام ھەسەننى پاسىق ـ ئىپلاس بىر خوتۇنىنىڭ قولى بىلەن زەھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. يېزىد قاتىل شەمرى مەلئۇنىنىڭ قولى بىلەن رەسۇلۇللانىڭ كىچىك نەۋرىسى ئىمام ھۈسەيىننى كەربالا چۆلىدە ئوقيادا ئېتىپ، يۇلغۇن زىخى بىلەن قىيناپ، بېشىنى كېسىپ قەتل قىپتۇ. ئىمام ھەسەن ھەزرەتلىرى كۆچلۈك زەھەر سەۋەبىدىن قىزىل، يېشىل، سېرىق، زەردابلىق قان قۇسۇپتۇ. ئىمام ھۈسەيىن شەمرى لەئىنىنىڭ زەھەرلىك ئوقى ۋە قىلىچىدا ئەزىز جېنى مۇبارەك تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. بېشى كېسىۋېلىنىپ، قانلار بۇلاقتەك ئېقىپ ئانا زېمىنغا سىڭىپتۇ، ئاسمان ياش تۆكۈپتۇ، زېمىن نالە ـ زار قىلىپ تەۋرەپتۇ. ئىككى ئىمامزادىنىڭ مۇبارەك تېنىدىن چىققان قان ـ زەردابلار بىردىنلا جۇلالىنىپ، مەرۋايىتتەك نۇر چېچىپتۇ. ئۇلۇغ ئاللا مالائىكىلەرگە بېشارەت بېرىپ:

— نېمىگە قايغۇرىسىلەر؟ بۇ ئىككى شاھزادە مېنىڭ جەننىتىمنىڭ خوجىلىرى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى بولارنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى — پاتىمە زۆھرانىڭ قولىدا. مەن بۇ ئىككى ئىمامزادىلەرگە زاماندىن ـ زامانغا ئۇنتۇلماس يادنامە قىلىپ، ئەرشىم ئوتتۇرىسىدا ھەر قېتىمقى يامغۇردىن خىلمۇخىل رەڭلىك ھەسەن ـ ھۈسەننى مۆجىزە قىلىپ چىقىرىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن ۋە ھۈسەن جەننەتنىڭ ئالىي قەسىرلىرىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يامغۇر ياغىدۇ. ئەرش كۇرسى ئىككى ئىمامزادىگە قايغۇلۇق ياش تۆكىدۇ. يامغۇردىن كېيىن ئاسمان سۈزۈلۈپ، ئەرش ئۈستىدە توغرىسىغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭلىك مۆجىزە، ھەسەن ـ ھۈسەن چىقىپ ئەرشنى نۇرلاندۇرىدۇ.

ھەر قېتىم يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا ھەسەن ـ ھۈسەن چىققاندا، زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلار ئاللانىڭ بۈيۈك مۆجىزىسىگە تەھسىن ئېيتىپ، ئىنتىزار بولۇپ قارىشىدۇ. قىزلار : «چېچىمىز ئۇزۇن، قويۇق، گۈزەل بولسۇن، بەختلىك بولايلى» دېيىشىپ، يامغۇر سۈيىدە چاچلىرىنى ھۆل قىلىپ تاراپ ھەسەن ـ ھۈسەنگە تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ. يامغۇردىن كېيىن ھەسەن ـ ھۈسەن چىققاندا، يامغۇر سۈيىدە چېچىنى يۇيۇپ تارىغان قىزلارنىڭ چاچلىرى ھەقىقەتەنمۇ سۇمبۇلدەك كۆركەملىشىپ ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ كېتىدىكەن.

ئاسماندىكى ھەسەن ـ ھۈسەن جانابى ئاللانىڭ ئىمام ھەسەن ـ ئىمام ھۈسەيىن ئىككى ئىمامزادىگە ئاتا قىلغان كاتتا مۆجىزاتلىرى ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى قۇربانجان مۇھەممەت
(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىم شىركىتىدە)

بۇلاق 2009.5 BULAK

# ئاتقا ئائىت ماقال - تەمسىللەردىن

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مەڭلىك

توپلاپ رەتلىگۈچىدىن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى مەدەنىيىتى ياكى يازما ئەدەبىياتىدا بولسۇن، ئاتقا ئائىت ئۇچۇرلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن ئاتنى ئۇلۇغلاپ كەلگەنلىكى، شۇنداقلا ئاتنى ئۇرۇش، يېغىلىقلاردا ئىشلىتىپلا قالماستىن، ئۇنى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تارىخىدىكى يايلاق مەدەنىيىتى، تارىم مەدەنىيىتى، ئاتلىقلار مەدەنىيىتى، يىپەك يولى... مەدەنىيىتىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئاتلار سەپتىن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئاتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئاتقا بولغان بۇ ھۆرمەت ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە ئۆزۈم توپلىغان ئاتقا ئائىت ماقال - تەمسىللەردىن بىر قىسمىنى رەتلەپ كىتابخانلارغا سۇندۇم.

1. ئەرلەرنىڭ قانىتى ئات.
2. ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق.
3. ئات ئۈستىدە كارۋانمەن،
جەڭ ئۈستىدە پالۋانمەن.
4. ئات ئەر كىشىگە قانات.
5. ئاتلىق بولسا ئەسكىرىڭ،
جەڭدە بولماس تەس كۈنۈڭ.
6. ئات توققۇز يېشىدا يېتىلەر،
ئەر ئوتتۇز يېشىدا.
7. قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.
8. ئالتە تەڭگەم بار ئات ئالىمەن،
يەتتە تەڭگەم بار قىز ئالىمەن.
9. تۆت ئوغلى بارغا ئاتنىڭ نېمە كېرىكى،
تۆت قىزى بارغا باغنىڭ نېمە كېرىكى.
10. ئالتە ئايناپ ئات تويسۇن،
يەتتە چايناپ ئەر تويسۇن.
11. تۆت پۇتلۇق ئاتمۇ پۇتلىشىپ يىقىلار.
12. ئاي ئايلىخانغا، يول سارىخانغا.
13. يامان ئاتنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تېرىقلار.
14. ئاتنىڭ خۇيى ئۈچ يىلدا سىنىلار.
15. ئات يوغىلار، تاي شىرىقلار.
16. ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق،
ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى يوق.
17. ئاتلىق پىيادە ماڭغۇچە، پىيادە بىللە ماڭ.
18. ئاتنىڭ ياخشىسى سۇر بولۇر،
ئەرنىڭ ياخشىسى تاز بولۇر.
19. ئات ئالساڭ بويىنى كۆر،
خوتۇن ئالساڭ خۇيىنى كۆر.
20. ئات ئاتىدىن، ئادەم ئانىدىن.
21. ئات ئاتىدىن، بالا قاچىدىن.
22. ئات ئارپا يېسە، ئېشەك قولاق سالار.
23. ئات ئازسا تايغا ئەگىشەر.
24. ئات ئاتاڭچە بولسىمۇ ئات،
يەرگە قوزۇق قېقىپ باغلاپ يات.

25. ئات ئات بىلەن تېپىشىدۇ،
ئاتنىڭ ئېشەك بىلەن تېپىشكىنى نەدە بار.
26. ئاتاڭنى كۆرسەڭ ئاتتىن چۈش.
27. ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر،
چىنە ئالساڭ چېكىپ كۆر.
28. ئات ئالساڭ ئاي كېچەش،
خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش.
29. ئات ئالساڭ تۇۋاق ئال،
قوي ئالساڭ قۇلاق ئال.
30. ئات ئالساڭ تۇۋىقىغا قارا،
قوي ئالساڭ قۇلىقىغا قارا.
31. ئات ئالساڭ چىشىغا قاراپ ئال،
دوست تۇتساڭ دىلىغا قاراپ.
32. ئات ئالساڭ دوستۇڭ بىلەن كېچەش،
قوي ئالساڭ قوشناڭ بىلەن كېچەش.
33. ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار،
يولغا يارىماس.
34. ئات ئالساڭ يېقىندىن ئال،
خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن.
35. ئاتالمىغان ئەر ئېتىدىن كۆرەر.
36. ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
قوي ئايلىنىپ قوتاننى تاپار.
37. ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى تاپار.
38. ئاتا يوللۇقتا ئاتتىن چۈش.
39. ئات ئايىغان ئات مىنەر،
كىيىم ئايىغان تون كىيەر.
40. ئات ئايىغى بىلەن تاپار،
ئادەم قولى بىلەن تاپار.
41. ئات ئايىغى بىلەن سىنىلار،
ئادەم بىلىمى بىلەن.
42. ئات تۇۋىقىدىن سەمرىيدۇ،
ئادەم قۇلىقىدىن.
43. ئات ئايىغىنى تاي باسار.
44. ئات بار يەردە ئېشەككە يول بولسۇن،
دوست بار يەردە ھېسابقا پۇل.
45. ئات باقساڭ تاتلاپ باق،
كالا باقساڭ سىلاپ باق.
46. ئات بالىسى ئات بولۇر،
خەق بالىسى يات بولۇر.
47. ئات بايغا يارىشۇر،
ناۋات چايغا يارىشۇر.
48. ئات بەيگىدە سىنىلار،
دوست سەپەردە.
49. ئات بېدىكى ئاچ بولار.
50. ئات بېرىپ ئىمام بولغۇچە،
ئالتۇن بېرىپ مەزىن بول.
51. ئات بېشىغا كۈن چۈشسە،
يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر.
52. ئات — بىر قىلىقى يات.
53. ئات بىر، ئوغلاق مىڭ.
54. ئات بىلەن ئات تېپىشسە،
ئارىدىكى ئېشەك ئۆلۈپتۇ.
55. ئات بىلەن تېپىشكەن تايىنىڭ تۇيىقى سۇنار.
56. ئات تاپقاننى ئېشەك يەر.
57. ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن.
58. ئات تاپقۇچە ئېگەر تاپ.
59. ئاتتا ئوت يوق، قۇشتا سۈت.
60. ئات تايچىقىنى تاپساڭ تۇلپار بولۇر،
بۆرە كۈچۈكىنى باقساڭ كۆلپەت بولۇر.
61. ئات تەپكەنگە ئات چىداپتۇ،
ئېشەك تەپكەنگە ئېشەك.
62. ئات تويغان يېرىگە تارتىدۇ،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە.
63. ئات تېپىلسا، ئوغلاق تېپىلار.
64. ئات تېرىسى كۈن بولار چەم بولماس،
ياخشى خار بولسىمۇ قۇل بولماس.
65. ئاتتىن يىقىلغان يۇمشاق چۈشەر،
ئېشەكتىن يىقىلغان قاتتىق چۈشەر.
66. ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ،
ئېگەر ـ توقۇمىدىن ئايرىلما.
67. ئاتتىن چۈشتۈڭ،
ئېشەككە چۈشتۈڭ.
68. ئاتتىن چۈشسە ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.
69. ئاتتىن يىقىلدىڭ پاختىغا يىقىلدىڭ،
ئېشەكتىن يىقىلدىڭ تاختىغا يىقىلدىڭ.
70. ئات جەڭگە كىرسە،
ئۆيقۇسى ئېچىلار.

71. ئات جەڭگە يۈگۈرەيدۇ،
ئېشەك دەڭگە.
72. ئات چاپتۇرساڭ ئالدىڭغا قارا،
گەپ قىلساڭ ئاغزىڭغا.
73. ئات چېپىشى بىلەن قەدىرلىك،
ئەر تۆھپىسى بىلەن.
74. ئات ساتساڭ يۈگەننى ساتما.
75. ئات دۈشمىنى قامچىدۇر،
ياندا تۇرۇپ بىلىنمەس.
76. ئات سەمرىسە دۆڭگە چاپار،
بۇقا سەمرىسە توپا چاچار.
77. ئات سەمرىسە دۆڭگە چاپار،
قۇش سەمرىسە ئېگىزگە ئۇچار.
78. ئات سەمرىسە ئېگىسىنى تېپەر.
79. ئات سورىغان خورلۇق ئەمەس،
ئېگەر سورىغان خورلۇق.
80. ئات سېمىز يەم ياخشى،
خوتۇن سېمىز ئەر ياخشى.
81. ئاتقا بەرگۈسىز غۇنان بار،
قىزغا بەرگۈسىز جۇۋان بار.
82. ئاتقا قامچا،
ئىتقا تاياق.
83. ئاتقا كۈچى يەتمىگەن چاكاندا ئۈزۈتار.
84. ئاتقا مىنسەڭ ئاتاڭغا باقما.
85. ئاتقا مىنگەشمە،
مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە.
86. ئاتقا مىنگەندە،
پەللەك يېغىر بولسىمۇ چىدىغۇلۇق.
87. ئاتقا مىنگىنىڭدە،
پىيادە ماڭغىنىڭنى ئۇنتۇما.
88. ئاتقا ئېگەر يارىشار،
ئېشەككە توقۇم يارىشار.
89. ئات قەدرىنى بىلمەس پىيادە ماڭمىغۇچە،
ئاچ قەدرىنى بىلمەس ئاچ قالمىغۇچە.
90. ئات قەدرىنى بىلمىسە،
پىيادە كۆرەر جازاسىنى،
ئەل قەدرىنى بىلمىسە،
دۈشمەن بېرەر جازاسىنى.
91. ئات قەدرىنى مىنگەن بىلۇر،
مىلتىق قەدرىنى ئاتقان.
92. ئات قولدا،
دۈشمەن يولدا،
قۇش ئۇۋىدا سىنىلار.
93. ئات قويرۇقى بىلەن ماختىنار،
ئېشەك قۇلىقى بىلەن.
94. ئات قېتىدا تۇرسا ئات خۇيىنى ئاپتۇ،
ئېشەك قېتىدا تۇرسا ئېشەك خۇيىنى ئاپتۇ.
95. ئات قېرىسا مۇدۇرگەك بولۇر،
ئادەم قېرىسا مۇگدىگەك.
96. ئات كۆركى ئېگەر - توقۇم.
97. ئات كېتەر، تاي قالار.
98. ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سىردىشىپ.
99. ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سىردىشىپ.
100. ئات كىشنىشىپ تېپىشىدۇ،
تۇغقان ئىزدىشىپ.
101. ئاتلىق پىيادىنىڭ هالىغا يەتمەپتۇ.
102. ئاتلىق پىيادىنىڭ هارغىنىنى بىلمەس.
103. ئاتلىق ــــ قاناتلىق.
104. ئاتلىق كەلگەن كۆڭۈلنى پىيادە قايتۇرماق تەس.
105. يۈگىنى يوق ئات ئۆلۈمگە يېقىن.
106. ئات بىكاردىن بولسا،
قوڭ چويۇندىن.
107. ئات مىنسەڭ ئالدىرىماي ماڭ،
ئېشەك مىنسەڭ توختىماي.
108. ئات مىنسەڭ تاي مىنمە،
تاغدا قالىسەن،
يار تۇتساڭ كۆپ تۇتما،
داغدا قالىسەن.
109. ئات مىنسەڭ يۈگەن سال،
يۈگەنسىز مىنگۈچە پىيادە قال.
110. ئات مىنگەننىڭ،
قىلىچ ئاسقاننىڭ.
111. ئات مىنگەن ئارپا غېمى يېمەس.
112. ئات مىنىشتىن بۇرۇن بوغۇز تەييارلا.
113. ئاتنى ئات ساقلايدۇ،

ئاچنى ئاچ.
114. ئاتنى ئات قىلغان تۇۋرىسى،
بەگنى بەگ قىلغان دورغىسى.
115. ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە،
ئىتنى چىشلىمەيدۇ.
116. ئاتنى توختىتىپ چىچارغا ئۆگەتمە.
117. ئاتنى چاندا سىنا،
ئەرنى سەپەردە.
118. ئاتنى داۋاندا سىنا،
دوستنى سەپەردە.
ئاتنى ساتسالڭ،
يۈگەننى قالدۇر.
119. ئاتنى سات،
يۈگەننى ساتما،
ئېشەكنى سات،
نوختىنى ساتما.
120. ئاتنى سۆرەمگە سالغاندا كۆر،
كېلىننى قولغا ئالغاندا.
121. ئاتنى سىلاشتىن مەقسەت مىنىش.
122. ئاتنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
ئېغىزدۇرۇقىنى چاينايدۇ.
123. ئاتنىڭ ئاقسىشى تاقىدىن،
چاپاننىڭ كونىرىشى ياقىدىن.
124. ئاتنىڭ ئەسكىسى جەدى،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى بەدى.
125. ئاتنىڭ بىكىسىنى لايدا كۆر،
قىچىرنىڭ بىكىسىنى سايدا.
126. ئاتنىڭ پۇتىغا چورۇق توشماس.
127. ئاتنىڭ تەپكىنى ئار ئەمەس،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى ئار.
128. ئاتنىڭ تەپكىنى هار ئەمەس،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى هار.
129. ئاتنىڭ تورۇقى ياخشى،
جۇۋاننىڭ ئورۇقى ياخشى.
130. ئاتنىڭ چىرايلىقى تورۇق،
قىزنىڭ چىرايلىقى ئورۇق.
131. ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر.
132. ئاتنىڭ زىننىتى — ئېگەر،
ئەرنىڭ زىننىتى — هۈنەر.

133. يۈگۈرۈك ئاتقا بىر تۇمار.
134. ئاتنىڭ سۆلىتى يالىدا،
خورازنىڭ سۆلىتى تاجىدا.
135. ئاتنىڭ سىرىنى ئېگىرىدىن بىل،
يىگىتنىڭ سىرىنى سۆزىدىن بىل.
136. ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە كەلمەس.
137. ئاتنىڭ ئوبدىنى يورغا،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى دورغا.
138. ئاتنىڭ ئۆلۈمى ئېشەككە توي.
139. ئاتنىڭ ياخشىسى ئارغىماق،
ئوتنىڭ ياخشىسى قامغاق.
140. ئاتنىڭ ياخشىسى ئالا،
خوتۇننىڭ يامىنى بالا – قازا.
141. ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە،
يەرنىڭ ياخشىسى تەردە.
142. ئاتنىڭ ياخشىسى قاشقا كېلىۇر،
ئادەمنىڭ ياخشىسى ئاشقا كېلىۇر.
143. ئاتنىڭ يامىنى تەپكەك،
ئادەمنىڭ يامىنى سەكسەك.
144. ئاتنىڭ يورغىسىنى ئال،
كىيىمنىڭ يارىشىملىقىنى ئال.
145. ئات مىنسەڭ دۆڭگە چاپ.
146. ئاتنى مىنگەندە سىنا،
دوستنى سىيگەندە.
147. ئاتنى مىن ئېگەر بىلەن،
باشقۇرغىن يۈگەن بىلەن.
148. ئاتنى مىنىپ ئال،
مىلتىقنى ئېتىپ ئال.
149. ئاتنى مىنىپ سىنا،
دوستنى ئارىلىشىپ.
150. ئاتنى هەيدە يەم بىلەن،
ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن.
151. ئاتنى ئوقۇردا باق،
ناننى تونۇرغا ياق.
152. ئاتنى ئۆز كۆرسەتكىنى قۇيرۇقى بىلەن قۇلىقى،
ئېشەكنى تېز يورغىلاتقىنى تۇۋۇقى بىلەن قونىقى.
153. ئات هارسا ئېغىل ياخشى،
پاتقاقتا شېغىل.
154. ئاتنى ئىشلەتمىسە،

ئېشەكتىنمۇ خىرەلىشىپ كېتىدۇ.
155. ئات ھەم ئۇقۇردىن،
ھەم تۇۋرىدىن يەر.
156. ئات ھېرىپ قالسا، بىر پىچاق،
ئېشەك ھېرىپ قالسا، بىر چۆچەك قوناق.
157. ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما.
158. ئات ئورۇق بولسىمۇ يېغىر بولمىسا،
گۆش سۆڭەك بولسىمۇ بېغىر بولمىسا.
159. ئات ئورۇق بولسىمۇ يېغىر بولمىسا،
ئەر كەمبەغەل بولسىمۇ قەرزى بولمىسا.
160. ئات ئورۇقلۇقتا بۇزۇلار،
خوتۇن غېرىبلىقتا.
161. ئات ئورۇق،
يول تايغاق.
162. ئات ئويناقلىسا،
ئېشەك چىچاڭلايدۇ.
163. ئات ئۇزۇن يولدا سىنىلار،
ئادەم ئۇزۇن يىلدا سىنىلار.
164. ئات ئۆلەر،
يايلاق قالار.
باتۇر ئۆلەر،
نامى قالار.
165. ئات ئۆلسە ئەر قالار،
ئەر ئۆلسە ئەل قالار.
166. ئات ئۆلسە،
تايچاق قوپار،
كالا ئۆلسە،
توپاق قوپار.
167. ئات ئۆلسە ئېگىرى قالار،
ئادەم ئۆلسە نامى قالار.
168. ئات ئۆلسە ئىتقا توي بولۇر.
169. ئات ئۆلمەس دېمە،
ھارۋا سۇنماس دېمە.
170. ئات ئېغىنغان يەردە تۈك قالۇر.
171. ئات ئىگىسىنى مىندۇرمەپتۇ.
172. ئات ئېگىرى بىلەن ئادەم،
ئادەم جىگىرى بىلەن.
173. ئات ياتقا كىشنىمەس.
174. ئات ياخشى تۆگىدىن،
گۆش ياخشى مېۋىدىن.
175. ئات يايلاققا ئامراق،
يىگىت يۇرتقا ئامراق.
176. ئات يوق يەردە ئېشەكمۇ ئات.
177. ئات يۆتەلسە ئۇقۇر سال،
كالا يۆتەلسە پىچاق سال.
178. ئات يىقىلمىسا ئەجدىھا بولۇر،
ئادەم خاتالاشمىسا ئەۋلىيا.
179. ئات يىقىتار يالى بىلەن،
ئېشەك يىقىتار تۇۋىقى بىلەن.
180. ئاق ئاتقىمۇ بىر شىلق،
بوز ئاتقىمۇ بىر شىلق.
181. ئالدىراپ تايغا توقۇم توقۇغان بىلەن ئېگەر سۇنىدۇ.
182. ئانىسىدىن تاشلىغان تايىنى بۆرە يەيدۇ،
ئېلىنى تاشلىغان ئەرنى گۆر يەيدۇ.
183. ئات يەمگە ئامراق،
بۇرگە نەمگە.
184. ئەپچىل ئات مىنگەن قانات چىقىرىپتۇ.
185. ئەخمەق ئات مىنسە خۇدانى ئۇنتۇپتۇ،
ئېتىدىن چۈشسە ئېتىنى ئۇنتۇپتۇ.
186. ئەر ــ ئات، خوتۇن ــ ھارۋا.
187. ئەر بولساڭ جىگەرلىك بول،
ئات مىنسەڭ ئېگەرلىك بول.
188. ئەرنىڭ قانىتى ئات،
ئاتتىن قالساڭ يات.
189. بەيگە ئات بىلەن ياخشى،
توي يات بىلەن ياخشى.
190. بەيگىدە ئات چاپتۇرساڭ دېڭى چىقار،
تۆگە چاپتۇرساڭ چېڭى چىقار.
191. بولىدىغان ئات قۇلىقىدىن مەلۇم،
بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن.
192. تاي باقساڭ تۇلپار بولىدۇ،
قۇش باقساڭ شۇڭقار.
193. تاي تاراقلار،
ئات ئاشار.
194. تاي تېپىرلايدۇ،
ھارۋىنى ئات تارتىدۇ.
195. تاي باشلىغان يىلقا يادىماي قالمايدۇ.

196. تەلۋە ئات مىنسە تەگرىنى تونۇماس.

197. توپىنى تونۇمىغان ئات ئەمەس،
ئەلنى تونۇمىغان ئەر.

198. توقۇلمىغان تاينى يېغىر قىپتۇ.

199. توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا،
ئەسكى چاپانغا سۇسەر ياقا.

200. توي تونلۇقىنىڭ،
ھېيت ئاتلىقىنىڭ.

201. تۇلپار ئاچلىقىنى بىلدۈرمەس،
مەرد يوقلۇقىنى بىلدۈرمەس.

202. ئات بالىسى تاي بولۇر،
نادان بالا يات بولۇر.

203. تۇلپار قېرىسىمۇ بەيگىدىن قالماس،
مەرد قېرىسىمۇ يولدىن قالماس.

204. تىزگىنسىز ئات ياردىن غۇلار.

205. يۈگەنسىز ئات،
بەڭۋاش دەريادىن ھەزەر ئەيلە.

206. سامان تاپساڭ ئاتقا بەر،
قىز تاپساڭ ياتقا بەر.

207. ئېتىڭ باردا يول تونۇغىن،
ئەقلىڭ باردا ئەل تونۇغىن.

208. تىزگىنسىز ئات ياردىن غۇلار.

209. ياخشى ئات يالسىز كېلۇر،
ئېسىل كىشى ھالسىز.

210. ياخشى ئات ــ ئىشلەتسەڭ قۇل،
ساتساڭ پۇل.

211. ياخشى ئات ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلەر.

212. ئېتىڭ تۇلپار بولسىمۇ قامچاڭنى تاشلىما.

213. ئېتىڭ چاپار ئوغلاققا،
ھوشيار تۇرغىن موللاققا.

214. ئېتىڭنى كۇزدە سۇدىن تارتما،
ئەتىيازدا ئوتتىن.

215. ئېتىڭ ھارسا، ئابرۇيۇڭ كېتەر،
قارنىڭ ئاچسا ماغدۇرۇڭ كېتەر.

216. ئېتىڭ ھارسا ھارسۇن،
ئۇلپىتىڭ ھارمىسۇن.

217. ئېتىڭ ئورۇق بولسا بىر چاپ،
ئوتۇنۇڭ ئاز بولسا بىر قالاپ.

218. ئېتىڭ ياخشى بولسا قامچاڭ بىھاجەت.

219. ئېتىڭ يامان بولسا،
سېتىپ قۇتۇلارسەن،
دوستۇڭ يامان بولسا،
قېچىپ قۇتۇلارسەن.

220. ئېتىڭ يامان بولسىمۇ،
خوتۇنۇڭ يامان بولمىسۇن.

221. ئېتىم ياندىق،
كالام تارتماس،
ئىككى كېلىن بىر ئۆيگە پاتماس.

222. ياخشى ئات ئېغىلغا يۈرەر،
يامان ئات چېقىلغا يۈرەر.

223. ئېتى ھېرىپ يولدا قاپتۇ،
ئۆزى كېتىپ دېڭى قاپتۇ.

224. ئېتى يوق چېپىشقاق،
ئىشتىنى يوق چېلىشقاق.

225. ئېتى يوققا ئات بەرسەڭ مىنىپ ئۆلتۈرەر.

226. ياخشى ئاتقا بىر ئەيىب.

227. ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا مىڭ قامچا.

228. ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەس،
ياخشى كۆڭۈلگە ئەلچى.

229. ياخشى ئاتقا ئۆيۈڭنى سات.

230. ياخشى ئات كۆندۈرۈشكە باغلىق،
ياخشى بالا تەربىيىلەشكە باغلىق.

231. ياخشى ئات لەۋلىك كېلۇر،
ياخشى يىگىت پەملىك كېلۇر.

232. ياخشى ئاتنى دەڭدىن كۆر،
باتۇر يىگىتنى جەڭدىن كۆر.

233. ياخشى ئاتنىڭ بېشى كىچىك.

234. ياخشى ئاتنىڭ تۇۋىقىدىن چېڭى چىقماس.

235. ياخشى ئات ئېغىلغا يۈرەر،
يامان ئات چېقىلغا يۈرەر.

(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن دۆۋا سېمونت زاۋۇتى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىدا)

# چولپان بىلەن نىزامتاي

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: راجەم ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى تەكلىماكان بوستانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ باشلىقى قىلىچ ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاي، يۇلتۇز، چولپان ئىسىملىك ئۈچ قىزى بار ئىكەن. قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزلىرى ھۆسن – جامالدا تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن. بولۇپمۇ كەنجى قىزى چولپانغا مەيلى ھۆسن – جامالدا بولسۇن ۋە ياكى ئەقىل – ئىدراك جەھەتلەردە بولسۇن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا يېتەلىگۈدەك بىرەرى يوق ئىكەن.

كېيىنكى شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە مەنزىرىسى گۈزەل، سۇيى شىپالىق ئايدىڭكۆل دېگەن بىپايان، كۆز يەتكۈسىز چوڭ كۆل بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەخمەلدەك يايپېشىل ئوت – چۆپلەر مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن. ھەر خىل خۇشناۋا قۇشلار بۇ جايغا توپلىشىپ نەغمە قىلىشىدىكەن. قەبىلە باشلىقى قىلىچنىڭ قىزلىرى ھەر جۈمە كۈنى بۇ ئاجايىپ گۈزەل كۆلگە كېلىپ سۇغا چۈمۈلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ئادىتى بويىچە سۇغا چۈمۈلۈش ئۈچۈن كۆل بويىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر پادىچى بالا كۆل بويىدا مال بېقىپ يۈرگۈدەك. بۇ بالىنىڭ كىيىملىرى جۇل – جۇل، پۈتۈن بەدىنىنى يارا باسقان. بېشى قاسماق ئىكەن. ئەمما، چىرايىدىن نۇر يېغىپ، قامىتىدىن باتۇرلۇق، شىجائەت چىقىپ تۇرىدىكەن.

كەنجى قىز بۇ تاز بالىغا قىزىقىپ، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا بۇ تاز بالىنىڭ بېشىدىكى چاقناپ تۇرغان ئالتۇن كوكۇلىغا چۈشۈپتۇ ۋە بۇ بالىدا ئالاھىدە بىر سىرنىڭ بارلىقىنى سېزىپتۇ – دە، يۈرىكىدە بىر خىل ئىللىق سېزىم مەۋج ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىچى بالىدىن ئاڭلاڭ. بۇ يىلقىچى تاز بالىنىڭ ئىسمى نىزامتاي بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا تەڭرىگە سېغىنىپ، تائەت – ئىبادەت قىلىشنى ئۇنتۇمىغان، كىشىلەرگە تولىمۇ مېھرىبان ئىكەن. ئۇ ھەرخىل دەستۇرلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىكەن.

مالللىرىنى يىراق يايلاقلارغا ئاپىرىپ باقىدىكەن. ئۇ ئەسلى بەدەنلىرى قاقاچ باسقان تاز ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ تاز بولۇپ قېلىشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغانىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئايدىڭكۆل ئەتراپىدا قويلىرىنى بېقىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ راسا تاتلىق ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، بۇ قارا بوران ئىچىدە دۇلدۇل مىنگەن، قولىغا زۇلپىقار تۇتقان، ئاپئاق ساقال بىر كىشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بوپتۇ ۋە نىزامتايغا:

— ئوغلۇم، بۇ قەيەر، سەن نىمە ئادەم ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ جاي ئايدىڭكۆل بويىدىكى پاقىلىق مەھەللىسى، بۇ جايدا پاقا كۆپ بولغانلىقتىن يەرلىك كىشىلەر پاقىلىق دەپ ئاتىشىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى، قىلىدىغان ئىشىنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بوۋاي:

— ئوغلۇم، ھازىر كۈھىقاپ جايلاشقان مەغرىب تەرەپتىن بىر ۋەھشىي ھايۋان كېتىك شەھىرى تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھەربىر يۇرتتا سۇمباتلىق، ساھىبجامال قىزلارنى يەم قىلىۋاتىدۇ. سېنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بۇ ۋەھشىي ھايۋاننى يوقىتىشىڭ ئۈچۈن تەڭرى مېنى ئەۋەتتى. بۇ ۋەھشىي ھايۋان ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، ئالدىغا كەلگەننى يۇتىدىغان ئەجدىھا. بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى سەنلا يوقىتالايسەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان نىزامتاي سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ ئۇ بوۋايدىن:

— ئۇ ۋەھشىي ھايۋاننى قانداق يوقاتقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم ! مەن ساڭا ئاستىمدىكى دۇلدۇلنىڭ مويىدىن ئۈچ تال بېرىمەن، سەن بۇ موينى قاچان كۆيدۈرسەڭ شۇ چاغدا ئېگەر ـ جابدۇقلۇق، زۇلپىقارلىق بۇ دۇلدۇل سېنىڭ ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ. سەن مۇشۇ دۇلدۇل ۋە زۇلپىقارنىڭ ياردىمى بىلەن ھېلىقى ئەجدىھانى يوقىتالايسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەمدە نىزامتاينىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشىدا ئالتۇن كوكۇلا پەيدا بولۇپ ئەتراپقا نۇر چېچىشقا باشلاپتۇ. نىزامتاي بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ. بىراق، بوۋاي يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۈگۈندىن باشلاپ بۇرۇنقى سياقىڭنى يوقىتىپ، نىقابلىنىسەن، قاچانكى، ھېلىقى ئەجدىھانى يوقاتساڭ شۇ ھامان ئەسلىڭگە كېلىسەن. ساڭا تەڭرىم قەبىلەڭلەرنىڭ باشلىقى قىلىچنىڭ كىچىك قىزى چولپاننى ئۆمۈرلۈك يار بولۇشقا بۇيرۇدى، — دەپتۇ ـ دە، ئەتراپنى يەنە قارا بوران قاپلاپ بوۋاي غايىب بوپتۇ.

نىزامتاي چۆچۈپ ئويغانسا بۇ چۈشى ئىكەن. بىراق، پۈتۈن بەدىنىنى قاقاچ ، بېشىنى قاسماق بېسىپ بەئەينى مۇردىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. قولىدا ئۈچ تال موي تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ يىغلاپتۇ ، قاقشاپتۇ. لېكىن، چۈشىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، يىغىسىنى توختىتىپ، بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە ئىش كۆرمەككە بەل باغلاپتۇ.

ئەمدى رىۋايىتىمىزنى قەبىلە باشلىقى قىلىچتىن ئاڭلايلى. ئۇ كونلەرنىڭ بىرىدە ئۆز

قىزلىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدىكى ماھارىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇستەقىل تاماق ئېتىشكە بۇيرۇپتۇ. قىزلار بۇ ئىشتىن چەكسىز شادلىققا چۆمۈپ دەرھال تاماق ئېتىشكە تەرەددۇت قىپتۇ ۋە تاماقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ پىشۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

قىلىچ ئالدى بىلەن چوڭ قىزى ئەتكەن تامىقىنى بىر چوكا يەپ باققانىكەن، بەك تۇزلۇق تېتىپتۇ. ئىككىنچى قىزى يۇلتۇزنىڭ ئەتكەن تامىقىدىن يەپتۇ، تۇزسىز بىلىنىپتۇ. كەنجى قىزى چولپاننىڭ تامىقىنى يېگەنىكەن، تولىمۇ تەملىك بىلىنىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىلىچ قەبىلە دانىشمەنلىرىنى يىغىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، دانىشمەنلەردىن بىرى:

— بۇ مەسىلىنى قىزلىرىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغانلىق ئىشىدىن ئىزدەش مۇمكىن. چۈنكى، چوڭ قىزلىرى ئاي تويى قىلىش يېشىدىن تۆت ياش، ئىككىنچى قىزلىرى يۇلتۇز ئىككى ياش ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى تۇزلۇق ۋە تۇزسىز. كەنجى قىزلىرى چولپاننىڭ ئەتكەن تامىقى تەملىك بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ھازىر توي قىلىش باسقۇچىدا تۇرغانلىقىدىندۇر، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ.

قەبىلە باشلىقى بۇ تەبىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزلىرىنى دەرھال ياتلىق قىلىش قارارىغا كەپتۇ ۋە قىزلىرىغا بىردىن ئالما تۇتقۇزۇپتۇ. ئۇلار ئالمىنى كىمگە تاشلىسا، ئۇلارنى شۇنىڭغا بەرمەك بولۇپتۇ. ئۇ قەبىلە تەۋەسىدىكى بارلىق ئەرلەرنىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قەبىلە تەۋەسىدىكى بارلىق خەلق قەبىلە باشلىقىنىڭ سارىيى ئالدىغا يىغىلىپتۇ. ئۈچ قىز قوللىرىدا ئالمىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپتۇ. ئەرلەر قىزلارنىڭ ئالدىدىن ئۆڭدىن سولغا بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. چوڭ قىز قولىدىكى ئالمىنى قەبىلە تەۋەسىدىكى كاتتا سودىگەرنىڭ ئوغلىغا تاشلاپتۇ. ئىككىنچى قىز ئالمىنى قەبىلە تەۋەسىدىكى كاتتا چارۋىچىنىڭ ئوغلىغا تاشلاپتۇ. بىراق، نۆۋەت چولپانغا كەلگەندە پۈتۈن ئەرلەر ئۆتۈپ بولغان بولسىمۇ، قولىدىكى ئالمىنى ھېچكىمگە ئاتماپتۇ. قەبىلە باشلىقى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن. چولپان ئايدىڭكۆل بويىدا مال باقىدىغان بىر بالىنىڭ بۈگۈنكى بۇ پائالىيەتكە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

قەبىلە باشلىقى دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ پادىچى بالا نىزامتاينى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، چولپان دەرھال قولىدىكى ئالمىنى ئۇنىڭغا تاشلاپتۇ. قىزىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاقاچ باسقان تاز پادىچىغا ئالما تاشلىغانلىقىنى كۆرگەن قەبىلە باشلىقى قاتتىق غەزەپلىنىپ ، چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپ نىزامتاينىڭ قولىدىكى ئالمىنى تارتقۇزۇپ كەپتۇ ۋە چولپانغا ئالمىنى باشقىدىن تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق، چولپان قولىدىكى ئالمىنى يەنە نىزامتايغا تاشلىغانىكەن، نىزامتاي ئالمىنى ئاپتۇ - دە، كاپ قىلىپ ئاغزىغا سېلىپ يەۋاپتۇ. قەبىلە باشلىقى ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك ھالغا يەتكەن بولسىمۇ، ئامال يوق چولپاننى ئۇنىڭغا بېرىش قارارىغا كەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز ھەشەمەتلىك توي قىلىپ بېرىپتۇ. مەركىگە تەكلىماكان بوستانلىقىنىڭ شىمالى ، جەنۇبى، شەرقى ۋە غەربىدىكى قوشنا قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مېھمان

چاقىرىپتۇ. ئەمما، چولپان بىلەن نىزامىتايغا ھېچقانداق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا قاراڭغۇ، زەي سامانلىقنى ھۇجرا ئۆي قىلىپ بېرىپتۇ. ئەمما، نىزامىتاي بىلەن چولپان بۇنىڭغا نارازى بولماي، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىدىن شادلىنىپ ئىناق ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چولپان تاماق ئېتىپ، تاماققا ئازراق سامان ئارىلاشتۇرۇپ بىر قاچىغا ئۇسۇپ دادىسىغا ئەكىرىپ بېرىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭ تامىقىنى بىر قوشۇق يېگەنىكەن، تولىمۇ تەملىك تېتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقاندا بىر تال سامان قوشۇقىغا ئىلىنىشىپ چىقىپتۇ. ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ:

— قىزىم، شۇنداق تەملىك تاماقنىڭ ئارىسىدىن سامان چىققىنى قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. چولپان دەرھال:

— ھۆرمەتلىك دادا، بىزنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان يېرىمىزنىڭ سامانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قەبىلە باشلىقى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنى چىنار باغ قۇرۇپ كەتكەن دېگەن مېۋىلىك باغقا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەرگە قاراشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

نىزامىتاي بىلەن چولپان قەدىمكى چىنارلىق باغقا كۆچۈپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ، قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەن، يانتاقلار ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىكەن. ئۇلار كېچە - كۈندۈز تىنماي ئىشلەپ بۇ باغنى ھەرخىل مېۋىلەر بىلەن تولغان گۈزەل بىر باغقا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇچۇپ كەتكەن خۇشناۋا قۇشلار بۇ گۈزەل باغقا قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن سايراشقا باشلاپتۇ. نىزامىتاي بىلەن چولپان بۇ باغدا كۈلۈپ - يايراپ، تاماشا قىلىپ، گۈزەل ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپتۇ.

كۈنلەر شۇنداق خۇشاللىق، باياشاتلىقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆھقاپ تەرەپتىن ئەجدىھانىڭ كېتىك شەھىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا خەۋەر تارقىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى بارلىق قىز - ئاياللارنى يەيدىغانلىقى ھەققىدە مىش - مىش گەپلەر تارقىلىپتۇ. دېگەندەكلا، ئەجدىھا كېتىك شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، قەبىلە باشلىقى قىلىچقا تەھدىت سېلىپ، پۈتۈن قەبىلە تەۋەسىدىكى چىرايلىق قىز - چوكانلارنى يىغىپ شەھەرنىڭ شىمالىغا ئاچىقىپ ئۆزىنىڭ يېيىشى ئۈچۈن تەييار قىلىپ تۇرۇشنى، ئەگەر بۇ تەلىپىگە ماقۇل كەلمىسە شەھەر بىلەن پۈتۈن ئاھالىنى قوشۇپ يوقىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قەبىلە باشلىقى كېڭىشىش ئارقىلىق شەھەرنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاھالىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن قەبىلە تەۋەسىدىكى چىرايلىق قىزلارنى يىغىپ ئەجدىھاغا سوۋغا قىلىشنى قارار قىپتۇ ۋە قەبىلە باشلىقى ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى چولپاننى بىرىنچى بولۇپ ئەجدىھاغا يەم قىلىشقا ئاتىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چاپارمەنلەر تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ چىرايلىق قىز - چوكانلارنى يىغىشقا باشلاپتۇ.

ئۆزىنىڭ ئەجدىھاغا يەم بولۇشقا ئاتالغانلىقىنى ئاڭلىغان چولپان پەرياد چېكىپ نالە قىپتۇ. ئېرى نىزامىتايدىن تېزرەك بىرەر ئامال قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بىراق، نىزامىتاي ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي بەخىرامان يۈرۈۋېرىپتۇ.

ئەجدىھا دېگەن كۈنمۇ يېتىپ كەپتۇ، چولپان باشلىق سانسىز قىز - چوكانلار ئەجدىھا ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. كۆزلىرى داش قازاندەك، چاچلىرى ۋە ياللىرى قىزىل، چىشلىرى ساپاننىڭ چىشىدەك، ئاغزىدىن دەھشەتلىك ئوت چاچراتقان ۋەھشىي ئەجدىھانىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىنى سۆرىگەن پېتى يىراقتىن دەھشەت سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قىز - چوكانلار قورققىنىدىن چۇقان سېلىشقا باشلاپتۇ.


ئەجدىھا كۆرەڭلىك بىلەن ئۇلارنى يېيىشكە تەمشەلگەندە، تۇيۇقسىزلا قولىدا شەمشەر تۇتقان، ئېگەر - جابدۇقلۇق دۇلدۇلغا مىنگەن بىر پالۋان پەيدا بوپتۇ - دە، ئەجدىھا بىلەن گەپ - سۆزسىز ئېلىشىپتۇ. قىز - چوكانلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەجدىھا بىلەن ھېلىقى پالۋان گاھ يەڭسە، گاھ يېڭىلىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئەجدىھامۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئاتلىنىپتۇ. پالۋانمۇ بارلىق كۈچ - مادارى بىلەن تۇتۇشۇپتۇ. ئەجدىھا بارلىق كۈچى بىلەن پالۋاننى دەم تارتىپتۇ. نىزامتاي شۇ پۇرسەتتە تۇمىقىنى بىر ئالغانىكەن. بېشىدىكى ئالتۇن كوكۇلىدىن كۈچلۈك نۇر پەيدا بوپتۇ - دە، بۇ نۇردىن ئەجدىھانىڭ كۆزى كور بولۇپ قاپتۇ. پالۋان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپتۇ - دە، ئەجدىھانىڭ تېرىسىنى ئىككى كېچە - كۈندۈزدە بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە سويۇۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەجدىھانىڭ قىپقىزىل گۆشى قاپتۇ. تەڭرى تېغىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئەجدىھانىڭ يوغان گەۋدىسى بىلەن توسۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن نىزامتاي ئەگەر بۇ سۇنى راۋانلاشتۇرمىسا، ئىنسانلارنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۆتۈشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ - دە، ئەجدىھانىڭ بەدىنىدىن ئون يەرنى كېسىپ تاشلاپتۇ ھەمدە ئەجدىھانىڭ تېنى ئۆتكۈر كۈن نۇرى دەستىدىن قىپقىزىل ۋە سېرىق ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. ھېلىقى پالۋانمۇ ئەجدىھانىڭ تېرىسىنى دۇلدۇلغا ئارتىپ ئۆز ھوزۇرىغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى رىۋايەتنى چولپان باشلىق قىز - چوكانلاردىن ئاڭلايلى. ئۇلار پالۋاننىڭ ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىپتۇ. چولپانمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزلىرى ئولتۇرغان چىنارلىق باغقا يول ئاپتۇ. بۇ باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا ھېلىقى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغان پالۋاننىڭ دۇلدۇلى باغ ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگۈدەك، بۇنىڭدىن ھەيران قالغان چولپان يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرسە ھېلىقى پالۋان قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن چولپان ئاستاغىنە ھېلىقى يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن كوكۇلا بىردىنلا چاقناپ كېتىپتۇ. چولپان بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ جانجان ئېرى نىزامتاي ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ھەمدە بۇ ئەھۋالنى دادىسىغا مەلۇم قىپتۇ.

بۇ تاسادىپىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قىلىچ بىرئاز تېڭىرقاپ قاپتۇ ۋە دەرھال نىزامتاينى ئويغاتماستىن مەپىگە سېلىپ ئەكېلىپ، ئۆزىنىڭ قەبىلە باشلىقلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپتۇ. چاپارمەنلەر بۇيرۇق بويىچە ئۇنى ئېلىپ كېلىپ تەختتە ياتقۇزۇپتۇ. ئۇ تەختتە قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز


ئۇخلىغاندىن كېيىن، قىرىق ئىككىنچى كۈنى ئويغىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قەبىلە باشلىقلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئورۇنغا مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن قېيناتىسى ۋە ئەل ـ جامائەت ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى تەختتە ئولتۇرۇشقا كۆندۈرۈپتۇ. قىلىچ بۇرۇنقى ئىشلىرى ئۈچۈن نىزامىتايدىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە قىزى بىلەن نىزامىتايغا قايتىدىن قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. نىزامىتاي قەبىلە باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشاتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرىدىن ئىمىن ئاخۇن، مۇھەممەت ئىمىن)



(نەپسانىي غەرەز ھەققانىي ئەمەلنى ۋەيران قىلار)

(خەتتات: ھەبىبۇللا ھامۇت زەۋقى)


EXPO 2010 SHANGHAI CHINA
中国移动通信
CHINA MOBILE
世博全球合作伙伴
Global Partner of Expo
خوشاللىق بار يەردە مەشرەپ كارتىسى بار
تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق
تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.
جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىنىڭ ئايلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل قىلسا
ھەق ئېلىنمايدۇ، ئەلا تۈزۈم ئىستېمال ھەققى پەگلا تۈزۈم، شەھەر ئىچى تېلېفون ھەققى تېخىمۇ ئەرزان.
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغاندا 1 يۈەنلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېتىبار بوغچىسىنى ئىشلىتىپ ئۇرسىڭىز، ئۇزۇن
يوللۇق تېلېفون ھەققىدە تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشىسىز، تېلېفوننى قەيەرگىلا ئۇرسىڭىز قىممەت توختىمايدۇ!
تەپسىلاتىنى 10086 دىن سوراۋېلىڭ.
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
www.xj.chinamobile.com 10086




دۆلەت ئانىسە

تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۆزۈن يولluq تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.

جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىنىڭ ئايلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل قىلسا ھەق ئېلىنمايدۇ، ئەلا تۈزۈمىنى ئىشلىتىپ ھەققى بەكلا تۆۋەن، شەھەر ئىچى تېلېفون ھەققى تېخىمۇ ئەرزان. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغاندا! يەنىلا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېتىبار بوغچىسىنى ئىشلىتىپ ئۇرسىڭىز، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ھەققىدە تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشىسىز، تېلېفوننى قەيەرگىلا ئۇرسىڭىز قىممەت توختىمايدۇ! تەپسىلاتىنى 10086 دىن سوراۋېلىڭ.

轻松由我

神州行

مەشرەپ كارتىسى

تور بېكەت ئادرېسى: www.xj.chinamobile.com 10086 :ئىزدىنىش مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى

جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى


# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维 吾 尔 文)　　总128期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 128- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043